# قەرزدار سۆيگۈ

(پوۋېست)

ئاتىگۈل ئەخمەت نازپەرى

# قەرزدار سۆيگۈ

دوختۇرخانىنىڭ سۈرلۈك، مۇدھىش تاملىرى، دوختۇر سىستىرالارنىڭ قوپاللىقى سادىقنى قاتتىق بىئارام قىلدى. ئايالى گۈلسەنەمنىڭ قاتتىق تولغاق ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي ۋارقىرىشى، يىغلىشى ئۇنىڭ يۈرىكىنى پۇچۇلىۋەتتى. سادىقنىڭ تۆمۈردەك قارىداپ كەتكەن چىرايى ئۇنىڭ تولىمۇ ئازابلىنىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىنىڭ كارىدورىدا ئۇياق ـ بۇياققا ماڭغاچ بارماقلىرىنى چىشلىدى. ناۋادا مۇمكىن بولسا، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئايالىنىڭ ئاغرىق ئازابىنى تەڭ تارتىشىپ بېرىشىنى ئۇ چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلاتتى. لېكىن ئۇ ئىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ئۆزىگە ئايان بولغاچ، سىرتتا ساقلاپ تۇرۇشتىن باشقا ئامالى يوق ئىدى. نەق شۇ ۋاقىتتا ئۇدۇلدىن ئۆزى تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان **40** ياشلار چامىسىدىكى ئورۇققىنە كەلگەن، گىرادۇسلۇق كۆز ئەينەك تاقىۋالغان ئايال دوختۇر ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قويۇپ كىرىپ كەتتى. نېمە قىلارىنى بىلەلمەي تەمتىرەپ قالغان  سادىق دوختۇرنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ كىرىپ كەلدى .

ـ  سىز بىمارنىڭ ھامىيسى بولامسىز؟ ـ دوختۇر ئايال شۇنداق دەپ سادىقنىڭ جاۋابىنىمۇ ئالماستىن ئۇستەل تارتمىسىدىن بىر نەچچە ۋاراق قەغەزنى چىقىرىپ ئۇستەلگە قويدى،دە ـ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ـ ئۇنداق بولسا مۇنۇ ھۆججەتلەرگە تېزدىن قول قويىۋېتىڭ.

ـ  نېمە بۇ ؟

دوختۇر ئايال چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا سادىققا قاراپ ھۆرپەيدى .

ـ  ئۆز ۋاقتىدا قىلىدىغاننى قىلىپ بولۇپ ئەمدى بولغاندا ‹‹ نېمە بۇ ؟ ›› دەپ كۆزىڭىزنى پارقىرىتىپ تۇرىسىزغۇ. ئايالىڭىز جىددىي قۇتقۇزۇش ئۆيىدە جان تالىشىۋاتقىلى يېرىم كۈن بولاي دەپ قالدى. تېزدىن قول قويۇڭ. ۋاقىت قىس.......

دوختۇر ئايالنىڭ سۆرۈن تەلەتى، زەھەردىن ئاچچىق، ھىڭدىن سېسىق گەپلىرى سادىقنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، ھازىرقى جىددىي پەيتتە سۆرۈن تەلەت ئايال بىلەن تالىشىپ تۇرۇشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىپ مىڭ تەسلىكتە ئاچچىقىنى بېسىۋالدى ۋە دوختۇرغا قاراپ مۇنداق دېدى.

ــ ئايالىمنىڭ ھايات ماماتلىق كۈرۈش قىلىۋاتقانلىقىنى، قاتتىق قىينىلىۋاتقانلىقىنى سىــز دىمىســـڭىزمۇ مەن ئۇبدان بىلىمەن. لېكىن مەن بىر قارا قورســـاق ئادەممەن. بۇ ھۆججەتىڭىزدىكى خەنزۇچە خەتلەرنى ماڭا بىر چۈشەندۈرۈپ قويسىڭىز، ئاندىن قول قويسام بولارمىكىن.

ســـادىقنىڭ دانىمۇ ـ دانە ئايرىپ قىلغان ســۆزلىرىنى ئۆزىنى مازاق قىلغانلىق دەپ چۈشــەنگەن دوختۇر ئايال ئاچچىقتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ياغاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان ئورۇق ئىككى مەڭزى قارىداپ مىس رەڭگىگە كىرىپ قالغاندى.

ــ ئايالىڭىزنىڭ تۇغۇتى تەس بولۇپ قالدىغاندەك قىلىدۇ. بالىڭىزنىڭ ئورۇنلىشـــشــى تەتۈر ئىكەن. ھازىر ئەھۋال ئىنتايىن جىددىي. ئانا ـ بالا ئىككىســـىدىن پەقەت بىرنىلا ســاقلاپ قالالايمىز. شــۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ ھۆججەتكە قول قويىشىڭىز كىرەك.

ــ قىززىق گەپ بولدى،دە ـ بۇ.......

ســـادىقنىڭ لاغىلداپ تىترەۋاتقان قوللىرى چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشـــش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ قاتتىق ئاچچىقى كەلگەندە چاپىنىنىڭ ئالدىنى يېشىۋېتىپ كۆنۈپ قالغاندى.

ــ ئەلۋەتتە ھەر ئىككىلىســـگە تۇرىمەن. ئۇنداق بولمىســـا ئايالىمنى دوختۇرخانىغا ئەكىلىپ نىمە قىلاتتىم. تاززىمۇ بىر.......

ــ بىزمۇ سەۋەپ قىلىپ باقىمىز. لېكىن قولىمىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا بىزدىمۇ ئامال يوق. ئۇنداق بولسا ھەر ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزىڭىز ئىگە بولۇڭ.

سۆرۈن تەلەت دوختۇر ئايال شۇنداق دىگىنىچە يوغان قوي كۆزلىرىنى ئالايتىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى .

ۋاقىت مىنۇت، سىكۇنتلاپ ئۆتمەكتە. دوختۇر سىستىرالارنىڭ ئالدىراش چىقىپ يەنە كىرىپ كىتىشى بىلەن ســـادىق قاتتىق قورقۇنچقا چۆكمەكتە، ئىزتىراپ چەكمەكتە. ئايالى گۈلســـەنەمنى ئەكىرىپ كەتكىلى **15** سائەتتىن ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن نە دوختۇر، نە سىستىرالاردىن كىچىككىنە خەۋەرمۇ يوق. ئۇلار ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراپ ســادىققا قاراپمۇ قويماي كىرىپ كىتىشــەتتى. ســادىقنىڭ چىكىلىرىدىن ئاچچىق تەر چىپىلداپ ئىقىشقا باشلىدى. دىرىزە تۈۋىدە باش باھارنىڭ دولىنى قورۇغىدەك سوغۇقىغا يۈزىنى تۇتۇپ تۇرغان ســـادىقنىڭ يۈرىكىدىن قورقۇنچ ســـەۋەپلىك چىپىلداپ تەرلەپ كەتكىنى ئىنىقلا ئىدى. جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن ئاندا ـ ســاندا ئاڭلىنىۋاتقان ۋارقىراش، يىغا ئاۋازى بارا ـ بارا ئۆچۈشــكە باشــلىغاندا، ســادىق نىمە قىلارنى بىلەلمەي پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

ـ گۈلسەنەم بەردا شلىق بەر سە بولاتتى، ـ دەيتتى ئۇ ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ، ـ ناۋادا ئۇ كىتىپ قالسا 7 بالا قانداق قىلىدۇ؟ مەن قانداق قىلىمەن.......ياق، ئەمدى بولمىدى. جان بولسا جاھان، ئاش بولسا قازان دەپتىكەن كونىلار. گۈلســـەنەم ھايات بولســـىلا، ماڭا يەنە تۇغۇپ بېرىدۇ. بولدى، ھېلىقى ســـۆرۈن تەلەت دوختۇرنى ئىزدەي......

ســـادىق ئۆزىگە ســـۆزلەپ كىتىۋىتىپ ھېلىقى ئىشـــخانا تەرەپكە مېڭىشـــى، جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىن ئالدىراش چىققان سۆرۈن تەلەت دوختۇر ئايال ئۇنى چاقىردى.

ـ ئاياللىڭىز ھوشـــىدىن كەتتى. ناۋادا ســـىز يەنە تەتۈرلۈك قىلىپ تۇرىۋالســـىڭىز، ئانا ـ بالا ئىككىلىســـىنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يىتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىمار بەك قانسىراپ كەتتى. تىزدىن قان بېرىشىمىز كىرەك.

ـ بولىدۇ دوختۇر، مەن قول قويااي، مىنىڭ قېنىمنى ئىلىپ سىناپ بىقىڭلار.....

سادىقنىڭ قان تىپىنىڭ گۈلسەنەمنىڭكىگە ماس كىلىشى دوختۇرنى خۇشال قىلدى. ئالاھەزەل 5 سائەتلەرگە ســـوزۇلغان ئوپىراتســـىيە ئوڭۇشـــلۇق تاماملاندى. ئادەمنى يەنە بىر خۇشـــال قىلىدىغان يىرى ئانا ـ بالا ھەر ئىككىلىســـى ھايات قالغاندى. بۇ خۇشـــخەۋەرنى ئاڭلىغان ســـادىق خۇشـــال بولۇپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. تونۇگۇن ئاخشـــامقى ســـۆرۈن تەلەت دوختۇر ئايال ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىگە قۇتقازغۇچى پەرىشـــتە بولۇپ كۆرۈنىۋاتاتتى.

ـ رەھمەت دوختۇر، بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار. ئەجرىڭىزنى خۇدايىم بىرە......

ـ ئالدىراپ خۇشال بولۇپ كەتمەڭ. ئانا ـ بالا ھايات قالغان بىلەن تىنى بەكلا ئاجىز. بوۋاقمۇ ئاران 3 جىڭ كىلىدىكەن. بۇ نورمال ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا ئىددىيىڭىزدە تەييارلىق بولسۇن.

دوختۇر ئىشخانىسىدىن بىشى چۈشكەن ھالدا قايتىپ چىققان سادىق ئىچىدە دوختۇر ئايالنى تازا تىللىدى.

ـ سۆرۈن تەلەت، شۇم ئىغىز، قاغىش تەككۈر.....

ئۇ يەنە ئاللىنىملەرنى دەپ تىللىماقچى بولغاندى، لىكىن ســـىســـترا قىزنىڭ چاقىرىشـــى بىلەن جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىگە كىردى.

قۇندۇزدەك چاچلىرى ھىلىلا يۇغاندەك ھۆل بولۇپ كەتكەن گۈلســەنەم جانســىز، ماغدۇرســىز ھالدا ئۆلۈكتەك ياتاتتى. بۇ ھالەتنى كۆرگەن سادىقنىڭ يۈرىكى ئىچە شتى، بۇرۇن كۆمۈرچەكلىرى تارتىشىپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ئۇ چاندۇرماسلىققا تىرىشىپ ئاستا ئايالىنىڭ قىشىغا كىلىپ ئولتۇردى.

- بىمار بەك زورۇقۇپ كەتسە بولمايدۇ. ياخشى ئارام ئېلىشى كېرەك. يەنە بىر گەپ، بىز بىمارنى ئىككى كۈن كۆزىتىپ قاراپ باققىدىغان بولدۇق. سىز خاتىرجەم بولۇڭ.

سادىق جاپاكەش ئايالىنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا ئۈزاق تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ سىستىرانىڭ يېنىغا كەلدى. بىر ياشلىق بالىنى ئەسلىتىدىغان قاپقارا يۇمشاق چاچلار، 90 ياشلىق موماي‌لارنىڭ يۈزىدەك يول - يول قورۇقلۇق كىچىككىنە يۈز، كەلگۈسىدىكى غايە نىشانىغا يېتىشىنى ئارمان قىلغاندەك چەكچەيگەن كۆزلىرى... سادىقنىڭ يۈرىكىنى لەرزىگە سالدى. ھاياتلىقنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىنىڭ بۇنچىلىك مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ئۇ 8 - بالىسى تۇغۇلغاندا ئاندىن ھېس قىلغانىدى. سادىق تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن بوۋاقنى ئاۋايلاپ قۇچىقىغا ئالدى. ھەمدە يىرىك ساقاللىرىنى سانجىپ تۇرۇپ بوۋاقنىڭ پېشانىسىگە چوڭقۇر مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويغاچ پىچىرلىدى.

- باشقىلارنىڭ «« پىلاندىن سىرت تۇغۇلغان بالا ھەم چىرايلىق ھەم مېھرى ئىسسىق بولىدۇ»» دىگەن گەپلىرى راست ئىكەن.

- نىمە؟ پىلاندىن سىرت ؟

سىستىرا قىز كۆكۈچ كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى. پىلانلىق تۇغۇتنى كۈچەپ يولغا قويىۋاتقان مۇشۇ زاماندىمۇ پىلاندىن سىرت تۇغىدىغانلارنىڭ بەخىرامان ھالدا تۇغۇۋېرىشى ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغىغانىدى. سىستىرا قىز سادىقنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق ئۆچقۇنلارنى چاقنىتىپ قاراپ تۇرىشىدىن بىئەپ ھېس قىلدى بولغاي، قۇش پېيىدەك يەڭگىل دەسسەپ چىقىپ كەتتى .

ناھيلىك ياغ زاۋۇتىنىڭ ئائىللىكلەر قورۇسىدىكى بىر نەچچە ئېغىز ئۆيى بار كىچىككىنە ھويلا كېلىپ - كېتىۋاتقان مېھمانلارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى بىلەن قىزىپ كەتكەنىدى. ئەتتىگەندىن بېرى مېھمان كۈتۈپ ھېرىپ ھالى قالمىغان ماھىرە، مىرادىل، مۇراتلار ھالسىز پۇتلىرىنى سۆرەپ ئانىسى ياتقان ئۆيگە كىردى .

- ۋاي جېنىم نەۋرىلىرىم، ھېرىپ كېتىپسىلەردە. ھە قېنى، بۇ ياققا كېلىپ پۇتۇڭلارنى ئۇزۇن سۇنۇپ يېتىۋېلىڭلار بالام.

تۇنىساخان ئانىسىنى ئىمىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن بوۋاقنى ئاۋايلاپ قويۇپ قويغاندىن كېيىن گۈلسەنەمگە قاراپ مۇلايىملىق بىلەن سۆز باشلىدى.

- قىزىم، بۈگۈن ئات تويى قىلدۇق دەپ بالىلارنى كۆپ چارچىتىۋەتتۇق. قېرى جېنىم بىلەن مەن مېھمانلارنى كۈتۈپ بولالمىدىم. بۇ نەۋرەمگە ئىسىمنى قاچان قويىمىز دىكەن؟ كەچ كىرىپ قالاي دەۋاتىدۇ. مېھمانلارمۇ

ئاساسەن تارقاپ بوپتۇ. ئەمدى سادىقاخۇن بالام موللامنى چاقىرىپ كىرسە گاچچىدە ئىسمنى قويۇۋەتكەن بولسا ياخشى بولاتتى.

تۇنسەخان ئاچىنىڭ گىپى تۈگىشىگىلا سادىق ئاپئاق ساقاللىرى مەيدىسىگە چۈشكەن، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بىر كىشىنى باشلاپ كىردى. ئۆي ئىچىدىكىلەر بىردەم ئۆرە ـ تۆپە بولۇشقاندىن كېيىن سادىق ئۇ كىشىنى كىرىم قارىم دەپ تونۇشتۇردى. كىرىم قارىممۇ ئۆز نۆۋىتىدە تۇنسەخان ۋە گۈلسەنەملەر بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم تىنىچ ـ ئامانلىق سوراشتى. مىرادىل چىقىپ ئاپتۇۋا ـ چىلاپچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ قارىمنىڭ قولىغا سۇ بەردى. سادىق داستىخان سېلىپ بولغۇچە مۇرات بىر لىگەن ئاش پولۇنى كۆتۈرۈپ كىردى. تاماق ئۇن ـ تىنسىز يېيىلدى. ئۆي ئىچى گۆرۈستان جىمجىتلىقىغا چۆككەن بولۇپ، چۈشۈن ئۇچسا ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە ئىدى. تاماقنى ئاۋاز چىقارماي يەپ بولغان كىرىم قارىم ئازراق ھە ـ ھۇدىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى .

ـ خوش، بوۋاقنىڭ ئىسمىنى نىمە قويىدىغان بولدۇق؟

كىرىم قارىم قول چايقاپ بولۇپ ساقىلىنى سىيپىغان ھالدا سادىقتىن سورىدى .

ـ بىز ئۆيدە مۇستاپا قويۇشنى مەسلىھەتلەشكەن. بۇ ئىسىم قارىمغا ماقۇل كېلەمدۇ يوق شۇنىڭغا قاراپ بىر ئىش قىلارمىز .

ـ ياخشى ئىسىمكەن، ياخشى ئىسىمكەن. 4 يىل بۇرۇن بىر ئوغلىڭىزغا مۇجاھىد دىگەن ئىسىمنى تاللىغان ۋاقتىڭىزدىمۇ مەن بەك خۇشال بولغان ئىدىم. ئەمسە مۇبارەك ئىسمى مۇستاپا بولۇپ كەتسۇن.

قارىم ئوتتۇرا ئۆيگە چىقىپ ئالدىن تەييارلانغان جەينامازدا ئىككى رەكئەت تاھارەت نامىزى ئوقۇۋالغاندىن كېيىن سادىق كۆتۈرۈپ كىرگەن بوۋاقنى قولىغا ئېلىپ ئوڭ قۇلىقىغا ئەزان، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ بولۇپ مۇڭلۇق ئاۋازدا مۇنداق دىدى .

ـ ئاللاھنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەتلىرى، پەرىشتىلەرنىڭ ئاسماندىن ئېلىپ چۈشۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنىڭ دىلىغا سېلىشى بىلەن ئىسمىڭىز مۇستاپا بولسۇن. ئىسمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن !

مۇستاپا خۇددى بىرسى چىمدىۋالغاندەك چىرقىراپ يىغلىۋەتتى. كىرىم قارىم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ مۇستاپانى سادىققا بىرىپ خوشلىششىش ئۈچۈن سىرتقا چىقىشقا تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، تۇنسەخان ئاچا پەتنۇستا بىر كىيىملىك رەخت، 100 كوي پۇل كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كەلدى.

ـ قارىم ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى كۆپكە تاۋاپ قىلىپ ئېلىپ قويسىلا، لايىقلىرىدا بولالمىدۇق.

ـ ياق، ھەرگىز ئۇنداق دىمىسىلە. كۆپ كايىپ كىتىپلا.....

قارىمنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كىرگەن سادىق گۈلنىسانىڭ قىشىدا ئولتۇرغان سۆرۈن تەلەت تۇغۇت دوختۇرىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. ئۇلارغا تۇققان كەلمەيدىغان بۇ ئايالنىڭ بۇ يەردە ئولتۇرۇشى سادىق ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بىر ئىش ئىدى. دوختۇر ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ سادىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ سالاملاشقاندىن كېيىن مۇستاپانى قولىغا ئېلىپ ئۇزۇندىن-ئۇزۇن قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ئۆزىگە ھەيرانلىق نەزەرىدە قاراپ تۇرغىنىنى كۆرگەن دوختۇر ئايال بالىنى ئاۋايلاپقىنە ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن ئۇلۇغ كىچىك تىنىۋېتىپ گەپ باشلىدى.

- بەلكىم ھازىر ھەممىڭلار مېنى ‹‹نىمە دەپ كەلگەندۇ ›› دەپ ھەيران قالغان بولۇ شۇڭلار مۇمكىن. - ئۇ ھەممەيلەنگە تەكشى بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. - مىنىڭ ئىسمىم سائادەت. ئۆزۈڭلار كۆرگەندەك ناھىيلىك دوختۇرخانىنىڭ تۇغۇت بۆلۈمىدە ئىشلەيمەن. ئۆزۈم بۇ يىل **41** ياشقا كىردىم. **7** يىل بۇرۇن يولدىشىم قاتناش ۋەقە سىدە قازا قىلغاندىن كېيىن يالغۇز يا شاۋاتىمەن. يالغۇز يا شاۋاتىمەن دىسەم ھەيران قالماڭلار، مەن بىر تۇغماس ئايال.

سائادەت كۆزىدىن ئۇنچىدەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى.

- ھىلىقى كۈنى بۇ سىڭلىمىز تۇغۇتتا شۇنداق قىينىلىپ كەتتى. **10** يىللىق تۇغۇت دوختۇرى تارىخىمدا بۇنداق قىينالغان ئايالنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان ئىدىم. لېكىن ئانا-بالىنىڭ يەيدىغان رىسقى بار ئىكەن. ھەر ئىككىيلەننىڭ ساق-سالامەت تۇرغىنىنى كۆرۈپ شۇنداق خۇشال بولدۇم. خۇددى ئاشۇ كىسەل كارىۋىتىدا ئۆزۈم ياتقاندەك بىر ھالەت مەندە شەكىللەندى. كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرۇپ ئاستا ئىشخانامغا چىقىپ كەتتىم. ئۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپ قانچىلىك يىغلىغىنىمنى بىلمەيمەن. بىر ۋاقىتلاردا ئىشىك چېكىلىپ سىستىرا قىز كىرىپ كەلدى. ئۇ بۇ بوۋاقنىڭ پىلاندىن سىرت تۇغۇلغانلىقىنى ئېيتقاندا قۇلاقلىرىمغا ئىشەنمەيلا قالدىم. سىلەرنىڭ يىنىڭلارغا دەرھال چىقىپ بوۋاقنى ماڭا بىرىشىڭلارنى ئۆتۈنگۈم كەلدى. لېكىن گۈلسەنەمنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى ئويلاپ ئۇنداق قىلمىدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن سىلەر چىقىپ كىتىدىغان ۋاقىتتا سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال ئېيتىش ئۈچۈن كىتىۋاتقىنىمدا تۇيۇقسىز تېلفۇن كىلىپ قالدى. ئاكامنىڭ دىيىشىچە ئانام ھوشىدىن كەتكەن ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن يۈرىكىمنىڭ بىر پارچىسىنى سىلەرنىڭ يېنىڭلاردا قالدۇرۇپ كەينىمگە قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم. ئىككى كۈنگىچە ئانامنىڭ بىشىدا پايپېتەك بولۇپ يۈردۈم. لېكىن قەلبىمدىكى بۇ بوۋاققا بولغان ئۆتتەك قىزغىنلىق قىلچە سۇسلاپ قالمىدى. ئانامنىڭ ئەھۋالى سەل ئىزىغا چۈشكەندىن كېيىن ھىلىقى سىستىرا قىزنى ئىزدەپ ئۇنىڭدىن سىلەرنىڭ ئادرىسىڭلارنى سورىدىم. لېكىن ئۇ قىز بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن **3** كۈندىن بىرى سوراپ، سۈرۈشتە قىلىپ يۈرۈپ ئۆيۈڭلارنى ئاران تېپىپ كەلگىنىمدە بوۋاققا ئىسىم قويۇۋاتقان ئىكەنسىلەر. ھويلىدا تۇرۇپ قارىمنىڭ ‹‹ مۇبارەك ئىسمىڭىز مۇستاپا بولسۇن ›› دىگىنىنى ئاڭلاپ شۇنداق خۇشال بولدۇم.......

سائادەت سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە گۈلسەنەم گەپنىڭ بىلىگە تەپتى.

ـ بىزنى نىمە كۆرىۋاتىسىز. كۆندە ئۈچ ۋاخ ئۈماچ ئىچ سەكمۇ بالىمىزنى ئۆزىمىز باقىمىز. تەييار بالىغا ئىگە بولاي دەپ كەلدىڭىزما بۇ يەرگە؟ ناۋادا شـــۇنداق ئويلىغان بولســــڭىز ئىززىتىڭىز بىلەن ئۆيىمىزدىن چىقىپ كىتىڭ.

گۈلســـەنەمنىڭ ئاچچىقتىن بوغۇلۇپ قالايلا دەپ قالغانلىقىنى كۆرگەن ســـائادەت قول ســـومكىســـىدىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ داستىخانغا قويدى .

ـ بۇ مىنىڭ ئازغىنە كۆڭلۈم. ناۋادا تەشـــكىلدىن ئۈتۈپ قالغۇدەك بولســـا ۋە ياكى بۇ بالىنى يوشـــۇرالماي قالساڭلار ماڭا خەۋەر قىلىڭلار. بىر نەچچە ئاي بىقىپ تۇرۇڭ دىسەڭلارمۇ ياق دىمەيمەن .

ســـائادەت كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ياشـــلىرىنى ســـۈرتكەن پىتى ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بىردە داســـتىخان ئۈســـتىدىكى كونۋېرتقا، بىردە ســـائادەت ھازىرلا چىقىپ كەتكەن ئىشـــىككە قاراپ نىمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغان ســـادىق خىلى ئۆزۈندىن كىيىن ئىســـىگە كىلىپ، خوش دەپ قويۇش ئۈچۈن ئىشـــىك ئالدىغا چىققاندا سائادەتنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

## 2 ـ باب

زاۋۇتنىڭ ئومومى ئىشـــلىرىغا مەســـئۇل خادىمى لىيۇ شـــۈيگاڭ ئىككى نەپەر گۇرۇپپا باشـــلىقىنى ئەگەشـــتۈرۈپ ســـادىقنىڭ قوروســـىغا كىرىپ كەلدى. 80 ـ يىللاردىن باشـــلاپ زاۋۇتتا ئادەتتىكى ئىشـــچى، گۇرۇپپا باشـــلىقى، ئىشـــخانا ھەيئىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئىشـــلەپ كەلگەن بۇ پىشـــقەدەم باشـــلىق ئۇيغۇرلار ئارىســـىدا ئۇزۇن مەزگىل تۇرغاچقا ئۇيغۇرچىنى راۋان ســـۆزلەيتتى. بىلمىگەن ئادەملەر ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمىگىچە ئۇيغۇر ئەمەسلىكىگە ئىشەنمەيتتى. ھويلىدا قالايمىقان تاشلاپ قويۇلغان داس، چەينەك، سوپۇن پاراشوكى، سۈپۈرگە قاتارلىقلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىققان باشـــلىق گۇرۇپپا باشـــلىقلىرىغا ئىپادىســـىزلا قاراپ قويغاندىن كىيىن قىلىن قىشلىق ملەڭزىنى ئۆرۈپ ئىشىكنى يەڭگىل چەكتى ۋە:

ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

دەپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. گۈلســـــەنەمنىڭ يىنىدا ئۈكســـــىغا قارىغاچ ئولتۇرۇپ مۈگدەپ قالغان ماھىرە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. زاۋۇت ئىچىگە ئوينىغىلى كىرگەندە، ئانچە ـ مۇنچە ئۇچرىتىپ قالىدىغان بۇ ئاچچىقى يامان باشلىقنىڭ سالام بىرىپ ئۆيگە كىرىشى ماھىرەنى ھەيرانلىقتا قالدۇرغانىدى .

- ئانا ئۆيگە مېھمان كەلدى.

ماھىرە باشلىقنىڭ كەينىدىن سوڭدىشىپ بىللە كىرىۋاتقان ئىككى نەپەر گۇرۇپپا باشلىقنى كۆرۈپ كۆرپىگە باشلىغاچ شۇنداق دېدى. باياتىن بېرى مۇ ستاپانىڭ قاپقارا يۇم شاق چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ تۇغۇتىدىكى ۋەھىمىلىك سائەتلەر كۆز ئالدىغا كىلىۋىلىپ كۆز يېشى قىلغان گۈلسەنەم قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ماھىرەنىڭ تۈرتۈپ ئويغىتىشى بىلەن ئاستا كۆزىنى ئېچىپ كىرىلدى. كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ زاۋۇتنىڭ باشلىقلىرىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى. لېكىن دەماللىققا ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندىن كېيىن ئۇلار بىلەن سۇسلا سالاملىشىپ قويۇپ يىتىۋەردى. «ھەقچان مۇستاپانىڭ ئىشى ئۈچۈن كىردى بۇ خەق. سادىق يوق، ئەمدى قانداق قىلسام بولار؟ ......بولدىلا غەم قىلماي تۇراي. بەرىبىر مۇ ستاپا ساق ـ سالامەت تۇغۇلدى. ئەمدى بىشىمىزغا كەلگەننى كۆرمەمدىم» گۈل سەنەم مۇ شۇلارنى ئويلاپ ئاپتاپ كۆرمەي قۇيغان ھىسپەتك ئاقىرىپ كەتكەن ئىككى مەڭزىگە سۇس كۈلكە يۈگۈرتۈپ تۇرۇپ سورىدى.

- زاۋۇتنىڭ ئىشلىرى ياخشى كېتىۋاتامدۇ ؟

گۈلسەنەمنىڭ ئۆزلىرىنىڭ نىمە ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ قەستەن گەپنى ئىلىپ قېچىۋاتقانلىقىنى سەزگەن باشلىقمۇ چاندۇرماستىن ئۇنىڭغا ماسلاشتى.

- يامان ئەمەس، ھازىر تەرەققىيات ياخ شى. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكىدەك ما شىنىغا چىگىتنى ئارىدا ئۇ سىدىغان ئىش يوق. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر ئاياللارمۇ زاۋۇتتا كۆپ جاپا تارتقان.

گۈلسەنەم باشلىقنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ 15 يىل بۇرۇنقى بىر ۋەقە كۆڭلىدىن كەچتى.

قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى گۈلسەنەم 5 ياشلىق ماھىرە بىلەن 2 ياشلىق مرادىلنى ئانىسى تۇنسەخان ئاچىنىڭ يېنىدا قالدۇرۇپ، 4 ئايلىق بولغان قورسىقىنى كۆتۈرۈپ زاۋۇتقا ئىشلىگىلى چىقتى. ئۇ ۋاقىتلار نورمىغا ئاشلىق بېرىدىغان ۋاقىتلار بولغاچقا، ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن ئايلىق نورمىسى ئۇ ئايدىن ـ بۇ ئايغا يەتمەيتتى. سەي قايناق قاينىتىپ، خۇڭشۇ پىشۇرۇپ يەپ قورساقنى ئالدايدىغان بۇ ۋاقىتلاردا زاۋۇت ئىشچىلىرىنىڭ ئاياللىرىمۇ ئەرلىرى بىلەن بىللە ئىشلىگىلى چىقاتتى. بىر كۈن كەچكىچە بىلى ئۈزۈلۈپ چۈشكىچە ئىشلەپ كەچ بولغاندا قولىغا تەگكەن بىر كوي ئىككى مو پۇلنى كۆزلىرىگە سۈرتكىدەك بولۇپ كىتىشەتتى. ئەتىگەندە قىلىن كىيىملىرىنى گۈلسەنەمگە قالدۇرۇپ قويۇپ ئۆزى يىلىڭ چاپىنى بىلەن چىقىپ كەتكەن سادىق گۈلسەنەمنىڭ زاۋۇتقا چىققىنىنى كۆرۈپ ئالدىغا كەلدى .

- ئاي ئوتتۇردىسى بولۇپ قالدى، نورما ئاشلىقىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. بولمىغان بولسا سىنى بۇ يەرگە ھەرگىز چىققىلى قويمايتتىم .

سادىقنىڭ مېھرىبانلىق يېغىپ تۇرغان كۆزىگە ئوتلۇق نەزەردە بىر قارىۋەتكەن گۈلسەنەم كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ جاۋاب بەردى.

- ھېچقىسى يوق. ئەر-خوتۇن دېگەن جاپانىمۇ، ھالاۋەتنىمۇ تەڭ كۆرىشى كېرەك. سىز بۇ يەردە جاپالىق ئىشلەۋاتسىڭىز مەن ئۆيدە بىكار ئولتۇرۇپ يېسەم كۆڭلۈم ئۇنىمايدىكەن .

ئىككىسى بىرلىكتە چېگىتلىكنىڭ يېنىغا كېلىپ ماشىنىغا چېگىت ئۇستى. تۆت چاسا يوغان قورساقلىق تۆمۈر قول ھارۋىسىغا لىققىدە چېگىت ئۇسۇپ چېگىتتىن ياغ چىقىرىدىغان ئۇسكىنىگە ئەكىلىپ تۆكتى. شۇ كۈنى كەچ كىرگۈچە قاتتىق جاپالىق ئىشلىگەن گۈلسەنەم ھەممىسىدىن كۆپ پۇل ئالغان بولۇپ، كەچتە قولىغا تەگكەن بىر كويى بەش مونى يۈرىكىگە تېگىپ يىغلاپ كەتكەندى...........

ماھىرەنىڭ قاتتىق تۈرتۈشى بىلەن چوڭقۇر خىياللار قاينىمىدىن قايتىپ چىققان گۈلسەنەم ياش ئەگىپ قالغان چىرايلىق كۆزلىرىنى باش ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكەندىن كېيىن باشلىققا قارىدى.

- باياتىن بىرى گەپ قىلسام جاۋابمۇ بەرمەيسىزغۇ ؟

- ھە! ....خاپا بولماڭ باشلىق. خىيالغا چۆكۈپ كېتىپتىمەن .

- سادىقنى ئويلاپ ئولتۇرغانمۇ؟ ئۇنچە ئىنتىزار بولمىسىڭىزمۇ ھېلىغىچە كېلىپ قالار ئۇ ئىيىق.

باشلىق ۋە ئىككى نەپەر گۇرۇپپا باشلىقىغا قوشۇلۇپ گۈلسەنەممۇ كۈلۈپ تاشلىدى. داستىخان كۆتۈرۈپ كىرگەن ماھىرە پىيالىلەرگە چاي قۇيۇپ نان ئۇشتۇپ قويغاندىن كېيىن قۇرۇق يېمىش ئەكىرىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.

- چاقچاقمۇ قىلىپ قويدۇم. ئەسلى مەقسەتكە كەلسەك، سىزنىڭ تېخى **15** كۈننىڭ ئالدىدا دوختۇرخانىدا تۇغۇپ چىققانلىقىڭىزنى بىرسى زاۋۇتقا كىرىپ چېقىپ قويۇپتۇ. زاۋۇت باشلىقىدىن خېلى گەپ ئاڭلىۋالدىم. ئەمەلىيەتتە ئالدىنقى بىر نەچچە بالىڭىزنى مەن زاۋۇت باشلىقىدىن يوشۇرۇپ كەلگەنىدىم. لېكىن قايسى مەلئۇننىڭ قىلغان ئىشىكىن، بۈگۈن ئەتتىگەندە زاۋۇت باشلىقى ماڭا بىر ھازا قايناپ ئاچچىقلاپ كەتتى. سىزمۇ بىلىسىز. مەن ئەزەلدىن كۆڭلۈمنىڭ كىرى يوق، باشقىلارغا قولۇمدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىدىغان ئادەم ئىدىم. لېكىن بۇ قېتىم سىلەرمۇ مېنى ئايىساڭلار.....

باشلىقنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىپ بولغان گۈلسەنەم ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ ئولتۇردى. مىڭ تەسلىكتە يېنىدىلا ياتقۇزۇلۇپ قويۇلغان مۇستاپانى قولىغا ئېلىپ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن بالىغا قىيمىغاندەك بىر ئەلپازدا باشلىققا قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ياشلانغانىدى.

– ئوبدان باشلىق، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي. مەن بۇ بالامنى ماڭ ئۆلۈپ مېڭىپ تىرىلىپ ئاران تۇغدۇم. پۈتۈن بىر كۈن قاتتىق تولغاقنىڭ ئازابىنى يەتكۈچە تارتىپ، نەچچە قېتىم ھوشۇمدىن كېتىپ ئاران تۇغدۇم. بۇ بالامغا پەقەت چىدىمايمەن. بۇ قېتىم بىر ئامال قىلىپ بېرىڭ. جەرىمانە تۆلىسەكمۇ مەيلى، لېكىن بالامدىن ئايرىلىپ قالغۇم يوق.

– سىزنىڭ ھېسسىياتىڭىزنى مەن چۈشىنىپ تۇرىۋاتىمەن. – دېدى باشلىق يىنىدا مۆكچىيىپ ئولتۇرۇپ ماھىرە ئېلىپ كىرگەن قۇرۇق يىمىشكە دۇم چۈشكەن گۇرۇپپا باشلىقلىرىغا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ – ھازىر سىياسەت بەك چىڭ. ئېلگىرىكىدەك پۇل تۆلەپلا ھەممە ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ھېلىمۇ ئالدىنقى 3 بالىڭىزغا جەرىمانە تۆلىدىڭلارغۇ؟

– ئۇنداق بولسا ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىپ تۇرۇپ باقمەن بالامنى. ئىشقىلىپ بۇ بالامنى ھېچكىمگە بەرمەيمەن.

نۇرغۇن گەپ قىلىپ گۈلسەنەمنى قايىل قىلالمىغان باشلىق ئەتە – ئۆگۈن يەنە كىرىدىغانلىقىنى، ياخشىراق ئويلىنىپ بىقىشى كېرەكلىكىنى ئېيتىپ گۇرۇپپا باشلىقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

يېرىم كېچە، ئېغىر ئەل ياتقۇ مەزگىلى. سىرتىدىن يالتىراق مېخلۇنتىلگەن دېرىزىدىن غۇۋا چۈشۈپ تۇرغان ئاي يورۇقىدا ئوغلى مۇستاپانىڭ يۇمران يۈزلىرىگە قاراپ ياش تۆكۈپ ئولتۇرغان گۈلسەنەم، ئۆگزىنى ئېچىۋەتكۈدەك دەرىجىدە خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان سادىقنى چىمدىپ ئويغاتتى.

– نېمە بولدى؟ بۇ يېرىم كېچىدە ئۇخلىماي نېمىگە قاراپ ئولتۇرىسەن؟

– مەن كەچتىن بېرى سىزگە گەپ قىلىۋاتىمەن. يا ئۈ، يا مۇ دەپ بىر ئېغىزمۇ زۇۋان سۈرمىدىڭىز. ئەتە ئىشقا چىقىپ كەتسىڭىز، باشلىق يەنە كىرسە نېمە دەپ جاۋاب بېرىمەن؟

يېرىم كېچىدە ئۇيقۇسىنى بۇزغان گۈلسەنەمگە قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن سادىق غۇدۇرلىدى:

– نېمە دەپ جاۋاب بەرسەڭ بەرمەمسەن. ئۆز ۋاقتىدا مەن بالىنى دوختۇر ئايالغا بېرەيلى دەپ بىر كېچە يىلىنسام ئۆزۈڭ بىلگەننى قىلدىڭ. ھېلىمۇ كۈنىمىز ئاران ئۆتىۋاتىدۇ. ئەتە – ئۆگۈن جەرىمانە دەپ قوپسا قانداق تۆلەيسەنكىن تاڭ.

– نېمە؟ سەن خىيالىڭدا جەرىمانىدىن قورقۇپ ئۆز پۇشتۇڭدىن بولغان بالىنى ياتقا بېرىۋەتمەكچىمۇ؟ ئەسلى مەقسىتىڭ شۇمتى؟ ئىسست سەن بىلەن ئۆتكەن 21 يىللىق گۆلدەك ھاياتىم.

ـ نىمە؟ ئەمدى پۇ شايمان قىلىۋاتامسەن؟ ھىلىمۇ سىنىڭ بەشەملىكىڭنى كۆتۈرۈپ كەلدىم. مەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا ئالىلقاچان.....

سادىقنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتىۋېتىشى بىلەن گۈلسەنەم ئۆيىنى بېشىغا كەيدى.

ـ نىمە؟ دىمەمسەن؟ ئالىلقاچان خىتمىنى بىرىۋەتكەن بولاتتى شۇنداقمۇ؟ سەن بۇزۇقنىڭ دوختۇر ئايالنى كۆرگەندىن كىيىن ئۆزگىرىپ كەتكىنىڭنى مىنى بىلمەيدۇ دىمە .

چاق.....

تۇيۇقسىز تەگكەن بىر تەستەكتىن كۆزىدىن ئوت چىقىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتكەن گۈلسەنەم ئاۋازىنى بولۇشىغا قويىۋېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. مۇستاپامۇ چىرقىراپ يىغلاپ كەتتى. ياندىكى ئۆيدە ھەممىنى ئاڭلاپ ياتقان ماھىرە، ئوتتۇرا ئۆيدە ئانىسىنىڭ يىغا ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتكەن مىرادىل بىلەن مۇراتلار چاپىنىنى يىپىنچاقلاشقىنىچە دادىسى ئانىسى ياتقان ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىشتى.

ـ دادا ،ئانا، نىمە بولۇشتۇڭلار بۇ يېرىم كېچىدە.....ئادەمنى ئۇخلاتماي......

مۇراتنىڭ تۇرۇلگەن قاپىقىنى كۆرگەن ماھىرە ئۇنى گەپ قىلماسلىققا ئۇندەپ ئىشارەت قىلغاندىن كىيىن دەرھال كىلىپ قىرقىراپ يىغلاۋاتقان مۇ ستاپانى قولىغا ئىلىپ بەزلە شكە با شلىدى. باللارنىڭ كىرد شى بىلەن سادىق چاپىنىنى كىيىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى .

كىچىچە تۇزۇك كىرپىك قاقماي يىغلاپ چىققان گۈلسەنەم ئەتىسى ئەتىگەندە باللارنى ئىلىپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتتى. ئەزەلدىن سادىقتىن تىرىقچىلىك خاپا بولۇپ قالسا يامانلاپ كىتىدىغان گۈلسەنەم كىچىدىن بولغان تۈگىمىچىلىك ئىشنى ئانىسىغا كۆپتۈرۈپ سۆزلەپ بەردى.

ـ ئاجىرشىمەن ئۇنداق ناكەس ئەردىن. ھىلىمۇ 21 يىلدىن بىرى ئوتىدا كۆيۈپ، سۇيىدە ئىقىپ، چىچىمنى سۇپۇرگە قىلىپ ئۆيىنى تۇتۇپ كەلدىم. ماڭا بىرەر قۇر چىرايلىق كىيىم قىلىپ بىرىپ باقتىمۇ. كۆڭلۈم تارتقان تاماقلارنى ئەكىلىپ بىرەلىدىمۇ؟ مانا تۇغۇپ ياتقىلىمۇ 15 ـ 16 كۈن بولۇپ قالدى. ‹‹ خوتۇن، كۆڭلۈڭ نىمىنى تارتىدۇ؟ ›› دەپ سوراپمۇ قويمىدى. ھىلىمۇ ياخشى ماھىرەنى بىقىپ چوڭ قىلىپ مۇشۇ ياشقا كىرگۈزۈپ قويۇپتىكەنمەن. بولمىسا نىمە كۈنلەرنى كۆرەر ئىدىم؟

گۈلسەنەمنىڭ ھۆ تارتىپ يىغلىشى بىلەن ئا شۇ ئۆيدە بىقىلىۋاتقان مەدىنەم، مىنەۋەر، مۇكەرەم، مۇجاھىدلار يىغلاشقان پىتى كىلىپ ئانىسىنىڭ پۇتىنى قۇچاقلىدى. ئۆي ئىچىدە خۇددى ھازا ئىچىۋاتقاندەك بىر ھازاغىچە يىغا ئاۋازى ئۈزۈلمىدى .

سوتچىنىڭ ئالدىدا تۇرغان جاۋابكاردەك بېشىنى ئېگىپ، تىرنىقى بىلەن كۆرپىنىڭ گۈللىرىنى سىزىپ ئولتۇرغان سادىق قېيىنئانىسىنىڭ ئىشىكتىن كىرىپلا گېلىنى قىرىشى بىلەن بېشىنى كۆتۈردىيۇ، ئۇنىڭ مۇزدەك سوغۇق ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قايتا قاراشقا پېتىنالماي يەنە بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى.

- سىلەر توي قىلغىلى يىگىرمە نەچچە يىل بولدى. ماۋۇ ماھىرەمۇ 20 ياشقا كىرىپ قالدى. كۈيئوغۇل كۆرگىدەك بولغان ۋاقىتتا سىلەرگە يەنە ئۇرۇشۇپ نېمە كەپتۇ؟ بالىلارنىڭ ئالدىدا خىجىل بولمامسىلەر. مەنمۇ قىرىپ كەتتىم، بىر پۇتۇم گۆرگە ساڭگىلىدى. ھېچ بولمىسا مېنى بولسىمۇ ئارامىمدا ياشىغىلى قويساڭلار بولمامدۇ. قېرىغاندىمۇ ئۇرۇشۇپ سەتلىشىپ يۈرىدىكەنسىلەر.....

تۇنىسەخان ئاچا يەنە بىر مۇنچە سۆزلەپ ئىچ-قارنىنى بوشىتىۋالغاندىن كېيىن، گەپ قىلماي بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان سادىققا ئالىيىپ قاراپ قويۇپ «ئىككىڭلار دېيىشىدىغانىنى دېيىشىۋېلىڭلار» دېگەندەك قىلىپ ئىشىكنى ھەم يېپىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

سائەت ئىستىرېلكىسى بىر خىل رىتىمدا چېكىلداپ مېڭىۋاتاتتى. سۈكۈت، قىيداش، ئالىيىپ قاراشلار جىنىغا پاتقان سادىق ئاخىرى بولماي ئۆزى ئېغىز ئاچتى.

- قارا گۈلسەنەم، قېيىنئانامنىڭ ئېيتقانلىرىمۇ توغرا. ئەمدى بولغاندا ئۇرۇشماي ئۆتەيلى. بالىلار چوڭ بولۇپ قالغاندا سەت تۇرىدىكەن.

- سەت تۇرۇشنى بىلگەن ئادەم مېنى تىللىمايدىغان.

مۇستاپانىڭ بېشىنى سىلاش ئۈچۈن قولىنى سوزغان سادىقنىڭ قولىنى زەرب بىلەن ئىتتىرىۋەتكەن گۈلسەنەم سادىققا تەتۈر قاراپ ئولتۇرىۋالدى.

- مېنىڭ دېگەنلىرىم يالغانمۇ؟ 21 يىلدىن بېرى خەقتىن ئالالمىغان ئاچچىقىڭنى مەندىن ئېلىپ بولۇشقا دومباللىدىڭ. سىرتتا ھەممە كىشى سېنى ياخشى، ئاچچىقى يوق، ياۋاش-يۇمشاق دەپ تەرىپلىشىدۇ. ئەمما سەن ئۆيگە كىرسەڭ ياۋۇز چىلبۆرىنىڭ ئۆزىلا بولىسەن. ئەمدى بۇ ياشقا كەلگەندە كۆتۈرگۈچىلىكىم قالمىدى.

- گۈلسەنەم، ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلمىغىن. سېنى ئۇرغان ۋاقىتلىرىمدا تۇرمۇشنى ئانچە چۈشەنمەيتتىم. ياش ئىدۇق، بەڭۋاش ئىدۇق. ئەمدى يېشىمىزمۇ بىر يەرگە باردى. نەچچە يىلدىن بېرى سېنى كۆز قارىچۇقۇمنى ئاسرىغاندەك ئاسراپ كېلىۋاتىمەنغۇ. ئۇنداق تەتۈرلۈك قىلما بولامدۇ.

- ھەئە، مەن تەتۈرلۈك قىلغان بولسام، ئاۋۇ تەتۈرلۈك قىلمايدىغان دوختۇر خېنىمىڭنى ئۆيۈڭگە ئەكىلىۋال.

- ئەمدى بولدى قىلساڭ بولامدىكىن. مىنىڭ ئۆ خوتۇن بىلەن قىلچە ئىشىم يوق. قارىسىغا گەپ قىلىۋەرمە. مۇشۇ يەشىم بىلەن ساڭا يىلىنىۋاتىمەن. بولدى قىلغىن، ئاناڭنىمۇ ئارامىدا قويايلى. ماقۇل دە، بۇگۇن قايتىپ كىتەيلى بولامدۇ؟

- ئىشىم يوق دىسەڭلا ئىش تۈگەمدۇ؟

گۈلسەنەم يوغان كۆزلىرىنى ئالايتىپ تۇرۇپ يەۋەتكۇدەك ئەلپازدا سادىققا قارىدى.

- ئەجبا نەچچە كۈندىن بىرى مۇســتاپانى شــۇ خوتۇنغا بىرەيلى دەپ چىلك تۇرىۋالمىدىڭمۇ؟ ئەمدىلىكتە بولغاندا ئىشىم يوق دەيسەن. سىنىڭ بىر مەقسەت ـ مۇددىئايىڭ بارلىقىنى كىم بىلمەيدۇ؟

ســادىقنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ بۇرۇن تۆشــۈكلىرى كىڭەيدى. ئۇخلىســا چۈشــىگىمۇ كىرمەيدىغان ئىشــلارنى گۈلسەنەم خۇددى ئەمەلىيەتتە بولىۋاتقان راست ئىشتەكلا سۆزلەۋاتاتتى.

- سەن ئالجىپسەن گۈلسەنەم. مەن نىمە ئۆيدا، سەن نىمە كويدا هازىر؟

- توغرا مەن ئالجىدىم. نەچچە يىلدىن بىرىقى ئىشــلارنىغۇ قويۇپ تۇرايلى. مەن تۇغۇپ ياتقان مۇشــۇ 20 كۈندىن بۇيان بىرەر قېتىم مىنىڭ كۆڭلۈم تارتقان تاماقلارنى ئەتكۈزۈپ بىرەلىدىڭمۇ؟ ســـاقىيىپ ئورنۇمدىن تۇرســـام ھەقىچان ھەر قېتىمقىدەك بىر قۇر ئەرزان كىيىم بىلەنلا ھەممىنى تۈگىتىســـەن. خەقنىڭ ئاياللىرىدەك ئالتۇن بىلەيزۈك، ئالتۇن ھالقىلارغو 10 تاغنىڭ ئۆ قىتىدا.

گۈلســـەنەمنىڭ ئاخىرقى گەپلىرى ئەرلىك غۇرۇرىغا قاتتىق تەگكەن ســـادىق ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پۇكۇلۇپ كىتىۋاتقان پۇتلىرىنى سۆرەپ ئىشكتىن چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ســـاق بىر ئاي ئۆتكەندە 14 گراملىق ئالتۇن بىلەيزۈك كۆتۈرۈپ كەلگەن ســـادىق يەنە بىر مۇنچە يالۋۇرۇپ، بۇنىڭدىن كىيىن تىللىماسلىققا قەسەم ئىچىپ گۈلسەنەمنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ ئىلىپ كەتتى.

## 3 ـ باب

زاۋۇتنىڭ تىمىغا چاپلاپلا ســـىلىنغان بىر قاتاردۇكانلار ســـودىســـىنىڭ ياخشـــىلىقى، خىرىدارنىڭ كۆپلىكى، ھۆنەرۋەن ئۇســـتامىلارنىڭ دۇكانلىرىدىن ياڭراۋاتقان ھەرخىل ناخشـــا ئاۋازلىرى بىلەن ئاۋات ئىدى. سادىقگۈلسەنەمنىڭ پىلانى بويىچە زاۋۇت باشلىقلىرىغا ئەھۋال ئىيتىپ يول مىڭىپ يۈرۈپ4 ـ دۇكاننى 3 يىللىق توختام بىلەن ئىجارىگە ئالدى. دۇكان ئىچى كىچىك، كۆرۈمسىزبولسىمۇ، كۈندە بىر نەچچە كىشى سادىقنى

ئىزدەپ دۇكاننى ئىجارىگە بىرىشنى ئېيتىپ ئۆتۈنۈشەتتى. سادىقمۇ ھەربىر ئادەمنى ئۆز يولىدا چىرايلىق گەپ
قىلىپ يولغا سالاتتى. مۇشۇ كۈنلەردە سادىققا كىچىلىك ئىسمىنا نۆۋەتتى كەلسە، بىر ئامال قىلىپ كۈندۈزگە
ئالماشتۇراتتى. ناۋادا باشقىلارئالماشتۇرۇشقا ئۇنىماي تۇرىۋالسا بىر كىچىلىك ئىسمىنا ئۈچۈن 30 يۈەن
بىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئىندەككە كەلتۈرەتتى. 30 يۈەنگە ئىككى كۈن جان باقالايدىغانلىقىغا كۆزى يىتىدىغان
كىشلەر پۇل ئۈچۈن ئامالسىز ئالمىششقا مەجبۇر بولاتتى. «ئايالىم تۇغۇتتىن كىيىن بەكلا ئاجىزلاپ كەتتى.
كىچىدە يىنىدا بولمىسام قورقۇپ قالىدۇ» دەيتتى ئۇ بىر ئامال قىلىپ يالغان گېپىگە باشقىلارنى
ئىشەندۈرۈشكە تىرىشىپ. كۈنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. سادىق ئىجارىگە ئالغان دۇكان ھىلىھەم
قۇپقۇرۇق بولۇپ ئۇ دۇكاننى ياكى سادىق ئۆزى ئاچمىدى ياكى باشقىلارغا ئىجارىگە بەرمىدى. لىكىن
ئەتراپتىكى قۇلۇم-قوشنىلار ھەپتىدە بىرەر قىتىم كەچ ۋاقىتلىرى، سادىقنىڭ قولتۇقىغا چوڭ سامان تاغىرى
قىستۇرۇپ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىپ كىتىدىغانلىقىنى، سىرتتىن بىرەر كىشىگە ئىشىككە قۇلۇپ سىلىۋىتىشنى
يىلىنىدىغانلىقىنى كۆرەتتى، ئەمما پەرۋا قىلماي ئۆز ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىۋىرەتتى. ياز ئۆتۈپ كۈز
كەلدى، كۈزمۇ ئۆز نۆۋىتىدە دەل-دەرەخلەرنىڭ خازانلىرىنى سارغايتىپ، سوغۇق ھاۋانى باشلاپ قويۇپ قىش
پەسلىگە ئورۇن بوشاتتى. دىكابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يىتىپ كەلگەن قۇربان ھىيت سادىق ئائىلىسىدىكىلەرنى
خۇشاللىققا چۆمدۈردى. ھىيت نامىزىدىن قايتىپ كىلىپ قوي سويدۇرۇش ئۈچۈن قاسساپ تىپىپ كەلگەن
سادىق ئايالى گۈلسەنەمنىڭ تۇزدەك ياسانغان ھالدا سادىقنىڭ قايتىپ كىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ
ئوغىسى قايىندى. -نىمە قىلغىنىڭ بۇ خوتۇن؟ مەن ھازىر قاسساپنى باشلاپ كەلدىم. ھىچ بولمىسا مەن
كىلىپ بولغۇچە سۆيۈق-سەلەڭ تاماق ئىتىپ تۇرساڭ بولماسمىدى. -قاچانلا قارىسا يەيدىغان-
ئىچىدىغاننىڭلا گېپىنى قىلىدىكەنسىز. ئاۋۇ مىھمانخانا ئۆيگە قۇرۇق-ھۆل يەل-يىمىشلەرنى ئەكىرىپ چىرايلىق
تىزىپ قويدۇم. نان-پان، قەنت-گىزەكلەرمۇ بار. شۇ ئۆيگە باشلاڭ. كۆڭلى تارتقىنىغا ئىغىز
تەگسۇن. گۈلسەنەم ھىچ ئىش بولمىغاندەك، تىخى 10 كۈن ئالدىدا ئىككى سىڭلىسى بىلەن بازارغا بىرىپ
تاللاپ يۈرۈپ سىتىۋالغان چوڭ ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسىنى، سائەت نۇسقىسىدا بۇيرۇپ ياساتقۇزغان زەنجىر
بىلەيزۈكنى، ئىككى قولىنىڭ 6 بارمىقىغا قوشلاپ سالسا يەتكۈدەك ئالتۇن ئۈزۈكلىرىنى تاقاش بىلەن ئاۋارە
ئىدى. سادىق دىمىغىنى قاققىنىچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. 7 بالىسىنى باشتىن-ئاياغ يىڭى كىيىم بىلەن
جابدۇغان گۈلسەنەم شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كىچىك ئوغلى مۇستاپانى ئەسلەپ قالدى. «ئۆز ۋاقتىدا دوختۇر
ئايالغا بەرگەن بولسام، مانا مۇشۇنداق ھىيت-ئايەم، بايراملاردا قىشىمغا ئەكىلىۋالاتتىم. قاچان كۆرىمەن
دىسەم كۆرەلەيتتىم. مانائەمدى........» گۈلسەنەمنىڭ خىياللىرى ئوماق قىزى مىنەۋەرنىڭ چۇچۇك ئاۋازى
بىلەن ئۈزۈلدى. -ئانا، دادام سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ. خان ئانامنىڭ ئۆيىگە بارىدىكەنمىز. -
ھە مانا قىزىم، مانا ھازىرلا....... گۈلسەنەم نوركا پەلتورىنى كىيىپ، ئوتقاشتەك قىپقىزىل سومكىسىنى
ئىسىپ ئۆيدىن چىقتى. گەرچە ئانىسىنىڭ ئۆيى بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيى پەقەت 10 مىنۇتلۇقلا يول بولسىمۇ،
لىكىن گۈلسەنەم تاكسى توسۇپ بارىمىز دىگەن پىكىردە چىڭ تۇرغاچقا، سادىق ئامالسىزلىقتىن تاكسى توسۇشقا
مەجبۇر بولدى.«ھەي......ئۇنىڭغا بولغان كۆڭلۈمنى دىمىگەنىدىمۇ 8 بالىنىڭ ئانىسى. ئەمدى ئىغىرلىق
قىلاي. ئۆتكەنكىدەك يامانلاپ كەتسە، مۇشۇ يىشىمدا يالۋۇرۇپ يۈرسەم ياخشى بولماس. ئەڭ ياخشىسى ئۇ
نىمە دىسە ماقۇل دىسەملا ئىش پۈتىمىدىمۇ. كاۋاپمۇ كۆيمەيدىغان،زىخمۇ كۆيمەيدىغان ئەڭ ياخشى ئامال مۇشۇ

شۇ ›› سادىق دەققە ئارىلىقىدا مۇشۇلارنى ئويلاپ ئۈلگۈردى ۋە ئايالى گۈلسەنەمگە قاراپ ھەجىيىپ قويدى. قىزىل رەڭلىك چوڭ گۈللۈك شارپا، قىممەت باھالىق نوركا پەلتو، بۇيرۇپ سوقتۇرۇلغان، تاللاپ سېتىۋېلىنغان ئالتۇن جابدۇقلار ئىچىدىكى گۈلسەنەم گوياكى تاڭ سەھەردە پورەكلەپ ئېچىلغان خۇشپۇراق گۈلگىلا ئوخشاپ قالغانىدى. ھازىر ئۇنى باشقىلار كۆرسە 40 ياشقا كىرگەنلىكىگە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ماشىنا ھەيدەۋاتقان ئاباباس قارىماققا پۈتۈن زېھنى بىلەن ماشىنا ھەيدەۋاتقاندەك بىلىنسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس - يادى گۈلسەنەمدىلا قالغان ئىدى. ئۇ بۇ يولنىڭ ئۇزۇنراق داۋام قىلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن قىرىشقاندەك قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە ماشىنا ئۇلار دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن ئاۋايلاپ چۈشكەن گۈلسەنەم ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كەلگەندەك سومكىسىنى ئالدىرىماي ئېچىپ پورتمالى ئىچىدىن 5 يۈەنلىك پۇلدىن بىرنى ئېلىپ شوپۇرغا تەڭلىدى. - رەھمەت ئۇستام، سىلىنى تولىمۇ ئاۋارە قىپتۇق. - يا......ياقەي، ھېچقىسى يوق.... يىقىنلا يەردە ئۆزگە پۇل تەڭلەپ تۇرغان گۈلسەنەمدىن كىلىۋاتقان خۇشبۇي پۇراق ئابباسنى مەست قىلىۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ گۈلسەنەمنىڭ قولىدىن پۇلنى ئالدى. لېكىن تو ساتتىن ئىككى قول بىر - بىرىگە تېگىشىپ كېتىپ ئاببا ستا توك سوقۇۋەتكەندەك ئۆزگىچە بىر ھال شەكىللەندى. - قارىسام ھېيت پەيتىسىگە كەلگەن ئوخشايسىلە.ناۋادا ماقۇل بولساڭلا قايتاشىڭلىدا مەن ئاپىرىپ قويساممۇ بولىدۇ. - كۆپ رەھمەت ئۇستام. ئۆيىمىز ياغ زاۋۇتىنىڭ ئائىللىكلەر قوروسىدا. قايتاشىمىزدا مېڭىپ كېتەرمىز. گۈلسەنەم شوپۇرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە ئاجايىپ نازلىق بىر بېقىش بىلەن قارىغاندىن كېيىن مېڭىش ئۈچۈن تەمشەلدى. - خېنىم توختاپ تۇرسىڭىز........ ئاباباس ماشىنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قويۇپ قويۇلغان ئىسىم كارتۇچكىسىدىن بىرنى ئالدى،دە - ما شىنىدىن چۈشۈپ گۈلسەنەمگە يېقىن كېلىپ كارتىنى ئۇنىڭغا سۇندى. - ناۋادا قايتا شىڭلاردا تاكسىغا ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالساڭلا، تېلېفون قىلىڭلا، شۇ ھامان مەن پەيدا بولىمەن. باشقا ھەر قانداق ۋاقىت، ھەرقانداق شارائىتتا تېلېفون قىلساڭلارمۇ بولىۋېرىدۇ. - بولىدۇ. سەن كېتىۋەرگىن يىگىت. ئىش بولسا تېلېفون ئۇرىمىز. سادىق شۇنداق دېگىنىچە گۈلسەنەمنىڭ قولىدىن تارتىپ كوچىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن بايا گۈلسەنەمنىڭ شوپۇر يىگىتكە ئەركىلەشى ئۇنىڭ چىشىنى قىرىشتۇرۇپ قويغانىدى. - دادا، ئانا، نىمانداق ئۇزاقتا كەلدىڭلار. بىز كېلىپ بولغىلى نەۋاخ. مۇجاھىد تۇنسەخان ئاچىنىڭ قۇچىقىغا چىقىۋالغان بولۇپ چۇڭقۇلداپ سۆزلەۋاتاتتى. - مانا كەلدۇققۇ..... دۇئا قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن چوڭلار خىلى ئۇزۇنغىچە ئامان - ئېسەنلىك سوراشتى. بۇ يىلقى قۇربان ھېيتنىڭ ئىنتايىن مولچىلىق پەسىلدە كەلگەنلىكىنى، بازاردىكى نەرسىلەرنىڭ باھاسىنىڭ مۇۋاپىق ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەچ ئۇزۇن - ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كېتىشتى. بىر ۋاقىتلاردا گۈلسەنەمنىڭ قول، بىلەك،بويۇنلىرىدىكى ئالتۇن جابدۇقلارغا كۆزى چۈشكەن تۇنسەخان ئاچا ھەيرانلىقىنى يوشۇرالمىدى. - ۋوي، گۈلسەنەم بالام، قوللىرىڭغا سېلىۋالغان ئالتۇنلىرىڭ نىمانچە چوڭ. ئۆتكەندە «دۇكان ئالدۇق. ئەمدى تىجارەتمۇ قىلىمىز »دەۋاتاتتىڭلا. تىجارىتىڭلار بەك ياخشى ئوخشىمامدۇ ؟ تۇنسەخان ئاچىنىڭ چىشىسىز ئېغىزىنى ماكىلدىتىپ تۇرۇپ سورىغان سوئالى ئۇلارنىڭ قوللىرىنى تىترىتىپ قويدى. شۇنداقتىمۇ سوئال سورالغان ئىكەن، جاۋاب بەرمەي بولمايتتى. - ۋاي ئانا، ھەممىسى ساختىا نەرسىلەر بۇ. چىرايلىق تۇرسۇن دەپ سېلىۋالدىم. بىزدە نەدىمۇ ئۇنچە كۆپ پۇل بولسۇن. گۈلسەنەمنىڭ بەرگەن جاۋابى بىلەن سادىقنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇ ئايالىنىڭ ئەقىل - پاراستىگە قايىل ئىدى. ھەر ۋاقىت ئەڭ ھالقىلىق پەيتتە گۈلسەنەم ئوتتۇرىغا چىقىپ سادىقنى

تەڭلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالاتتى. ـ باللىرىم، ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ تېلېۋىزور كۆرۈڭلار. بىز يەنە بىردەم پاراڭلىشىمىز. سىلەر زېرىكىپ قالماڭلار يەنە. بالىلارنىڭ ھەممىسىنى قىشلىق ئۆيگە قوغلاپ چىقارغان گۈلسەنەم ئانىسىنىڭ ئالدىدىلا سادىقتىن سورىدى. ـ مۇستاپانى ھېيت ـ ئايەمدە بولسىمۇ بىز بىلەن كۆرۈشتۈرسۇن. ئەتتىگەندە ئېسىمگە كىلىۋېلىپ يۈرىكىم پارە ـ پارە بولۇپ كەتتى. نىملا دىگەن بىلەن مېڭىبىر جاپادا تۇغۇلغان بالا تۇرسا ئۇ . ـ ھەراست، مۇستاپا بالام قانداق بولۇپ كەتتى؟ ئۆتكەندە بىرسىگە بىرىۋەتتۇق دىگەنىدىڭلار. ماھىرە، مىرادىللاردىن سورىسام ‹‹ بىز ئۇقمايمىز ›› دەپلا گەپنى تۇگەتتى. تۇنسەخان ئاچىنىڭ پىشانىسىدىكى يول ـ يول قورۇقلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكەندەك ئىدى. ئۇ كۆز چاناقلىرىدىكى ياشنى ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكەندىن كىيىن، سادىققا ئۈمىدلىك نەزەردە قارىدى. موماينىڭ كۆڭلى يىرىم ئىدى. مۇستاپا دائىملا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كىلىۋېلىپ ئۇنى بىئارام قىلاتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى ئامبۇردا قىسىلغاندەك، نەپەس ئېلىشى قىينىلاشقاندەك بولۇپ ئازابلىناتتى. مانا ئەمدى، ئالدىدا ئولتۇرغان مۇنۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى موماينى رازى قىلغۇدەك جاۋاب بىرەلەمدىكىن ! ـ مۇستاپانى بالا قىلىپ بېقىۋالغانلار ئۇنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان. مىنىڭمۇ ئۇنى بەك كۆرگۈم كەلدى. لىكىن مىڭ ئەپسۇس. . . . . سادىق بىشىنى چايقاپ ئەلەم بىلەن تام تەرەپكە قارىۋالدى. يالغان گەپ قىلغان گۇناھى ئۈچۈن ئاللاھتىن ئۆزىنى كەچۈرىۋېتىشىنى تەلەپ قىلدى. لىكىن ئۇمۇ مۇستاپانى قاتتىق سېغىنىپ كەتكەن ئىدى. تۇنسەخان موماينىڭ ئۆيىدىن كەچلەپ قايتقان سادىق ئەر ـ خوتۇنلار، ماھىرە، مىرادىل، مۇراتلار يىگەن تامىقنى سىڭدۈرۈش ئۈچۈن ئۆيىگە پىيادە قايتىشتى. يول بويى سۈكۈتتە ماڭغان گۈلسەنەم ئۆيگە كىرىپلا سىرىق قۇچقاچتەك سايراپ كەتتى. ـ بۈگۈنكى شوپۇر يىگىت ھەجەپ قاملاشقان بالىكەن. گەپ ـ سۆزلىرى جايىدا، ئۆزى مۇلايىم، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق. . . . . . ـ ۋوي، نىمە بولدۇق؟ ئەجەپ كىچىك تىللىرىمىز چىقىپ قاپتىغۇ. نۇمۇس قىلماي مىنىڭ ئالدىمدا يات بىر ئەرنىڭ گىپىنى قىلىۋاتىسەنغۇ. گۈلسەنەم شۇ ۋاقىتتا دەرھال ئۆزىگە كەلدى ۋە ئېرىنىڭ گىپىگە لايىقىدا جاۋاب قايتۇردى. ـ نىمە بولدى؟ خەقنى ماختىسام ئاچچىقىڭىز كىلىۋاتامدۇ؟ مۇشۇ يېشىڭىزدا، مۇشۇ يېشىمدا مىنى كۈنلەۋاتامسىز؟ تۇۋا دەڭ جۇمۇ. سىز ئويلىمىغان بىلەن مەن قىزىمىز ماھىرەنىڭ تۇرمۇش ئىشىنى داۋاملىق ئويلاپ كۆزلىرىمدىن ئۇيقۇ قاچتى ھازىر. ئاۋۇ يىگىت ماھىرەگە بەك ماس كىلىدىكەن دەپ ئويلاپ شۇڭا تەرىپىنى قىلدىم. لىكىن سىز نىملەرنى ئويلاپ كەتتىڭىزكىن تاڭ ! سادىق ئويلانمايلا قىلغان گىپىدىن خىجىل بولدىمۇ قانداق، قىزىرىپ تاترىپ گۈلسەنەم سىلىپ بەرگەن ئورۇنغا موكىلا چۈشۈپ ئۇيقۇغا كەتتى. ‹‹ نىمانداق كىلىشكەن بالا ئۇ. كۆزۈمنىڭ ئىچىگە يەۋېتىدىغاندەك قاراپ كەتتى. قارىغاندا مەنمۇ ھىلىھەم سىن ـ سىپاتىمدىن كەتمىگەندەك قىلىمەن. ›› گۈلسەنەم ئۆزىنىڭ ئوي ـ خىيالىدىن ئۆزى رازى بولۇپ كىيىملىرىنى ئاستا يېشىپ، ئالتۇن جابدۇقلىرىنى ئېلىۋېتىپ، پەگاھتىكى چوڭ گىرىم ئۈستىلى ئالدىغا كىلىپ ئۆزىگە سەپسىلىشقا باشلىدى. 40 ياشتىن ئاشسىمۇ يەنىلا ياش قىزلارنى ئەسلىتىدىغان قاپقارا قۇندۇزدەك بىر ئۆرۈم چاچ، ئورغاق ئايىنى ئەسلىتىدىغان ئەگىم قاشلار، بادام قاپاق ئاستىدىكى يوغان قوي كۆزلەر، ئىقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرۇن، ئالۇچىدەك قىپقىزىل لەۋلەر. . . . . گۈلسەنەم چىرايىدىن تولۇق مەمنۇن بولغان ھالدا ئۆزىگە سەپسىلشىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. تولغان چىلەك، بىر جۈپ ئالمىنى ئەسلىتىدىغان كۆكرەكلىرى، فىگورا گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرىدىغان يارىشىملىك ئۈستىخان شەكلى ئۇنى تولۇق رازى قىلغانىدى. گۈلسەنەم ئەينەك ئالدىدا ئۇزۇن

تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئەينەكتىن شوپۇر يىگىتنىڭ قاپقارا كۆزلىرىنى كۆرگەندەك بولىۋاتاتتى. ئۆينىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلەپ ئۇنىڭ بەدىنى تىترەشكە باشلىغاندىلا ئاستا كەينىگە قايرىلىپ سىلىپ قويغان ئورنىغا كىلىپ ياتتى. (( ھە راست، بايا ئانام تاسلا قالدى ئالتۇنلىرىمنىڭ قەيەردىن كىلىشىنىڭ سىرىنى بىلىۋالغىلى. ناۋادا سادىقنىڭ ئىجارە ئالغان دۇكاننىڭ كەينى تېمىنى تىشىپ، زاۋۇتنىڭ كۆپ مىقداردىكى چىگىتلىرىنى ئوغۇرلاپ ساتقانلىقىنى، شۇ ئارقىلىق بىزنىڭ بىيىپ كەتكەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ قالسا ئىشىمىز چاتاق.....ئانامغۇ ساختا دىسەم ئىشەندى. لىكىن خەقلەر چوقۇم گۇمانلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بۇنىڭدىن كىيىن قاتتىق ئېھتىيات قىلسام بولغۇدەك ...)) گۇلسەنەم ئويلاپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، سادىق بىر ئۆرۈلۈپلا گۇلسەنەمگە ئالدىنى قىلدى ۋە ئۇنىڭ يۇپيۇمىلاق مۇرىسىدىن قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتقىنىچە يەنە پۇشۇلداپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇنىڭ قولىنى ئاۋايلاپ يانغا ئېلىپ قويغان گۇلسەنەم سادىققا كەينىنى قىلىپ ئۆرۈلۈپ ياتتى ۋە ھېلىقى قاپقارا قاشلىق تاكسى شوپۇرىنى ئويلىغىنىچە خىيالغا پىتىپ، ئۆزىنىڭ قاچانلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى.

# 4 ـ باب

دىكابىرنىڭ جاندىن ئۆتكۈدەك سادىقنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇرخانىنىڭ ئائىلىلىكلەر بىناسىدىن سائادەت دوختۇرنىڭ ئۆينى ھېچ ئايانمايلا تىپىۋالغان سادىق ئىشىك ئالدىغا كىلىپ قولىنى بىردەم ھورداپ ئىشىك سىتقاندىن كىيىن، ئىشىك قوڭغۇرىقىنى ئاۋايلاپ باستى. بىر مىنۇت...ئىككى مىنۇت.... بەش مىنۇت.....ئون مىنۇتمۇ ئۆتۈپ كەتتى. (( پەتىگە كەتكەن بولمىسۇن يەنە )) دەپ ئويلىغان سادىق قايتىپ كىتىش ئۈچۈن كەينىگە بۇرۇلۇپ مىڭىشى، ئىشىك تاراقلاپ ئىچىلىپ سائادەت دوختۇرنىڭ بىشى كۆرۈندى. ئۇلار قىسقىلا سالاملاشقاندىن كىيىن سادىق سائادەتنىڭ زورلىشى بىلەن ئۆيگە كىردى. ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلغاندىن كىيىن سائادەت سادىقنىڭ ئۇدۇلىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى داستىخانغا تەكلىپ قىلدى .

- بۇنداق تىزلا كىلىدىغانلىقىڭىزنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن.

- ھىلمۇ نەچچە كۈندىن بىرى سىغىنىپ ئۆلەي دىدىم. ھىيت پەتىسى باھانىسىدە كىلىۋالدىم دەڭە.

ئارىنى ئېغىر دەرىجىدە سۈكۈت قاپلىدى. ھەر ئىككىيلەننىڭ بىر ـ بىرىگە دەيدىغان سۆزى بولسىمۇ، لىكىن ئېغىزىدىن چىقىرىشماي قاراپ ئولتۇراتتى. ئۆينىڭ ئادەمگە راھەت بىغىشلايدىغان ھاۋاسىدىن ھوزۇرلانغۇسى كەلگەن سادىق چاپىنىنى سىلىپ يىنىغا قويدى. چاي ئىچكۈسى كەلمىسىمۇ زورلاپ تۇرۇپ ئازراق چاي ئىچتى. داستىخانغا تىزىلغان مول نازۇ ـ نىئمەتلەرگە قول ئۇزىتىپ ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن يەپ باقتى. لىكىن ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولدى. سادىق ئاخىرى غەيرەت قىلىپ ئېغىز ئاچتى.

- مەن مۇستاپانى كۆرەي دەپ كەلگەن.

- ئۇف، مەن تېخى مۇستاپانى ئىلىپ كىتىش ئۈچۈن كەلگەن چىغى دەپ قورقۇپ كىتىپتىمەن.

سائادەتنىڭ تامدەك تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا سۈس تەبەسسۇم جىلۋە قىلدى. ئۇ شادلىق، بەخت ۋە ئامەت سۈس يىلىنجاپ تۇرغان كۆزلىرىنى سادىققا تىكتى. ئۇنىڭغا نىمە دىيىشىنى بىلەلمىگەن سادىق ئۇندىمەي ئۇزاق ئولتۇردى. ئۇنىڭ بىشى چۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئىچىدە دىيەلمىگەن بىر گىپى بارلىقى مانا مەن دەپ چىقىپلا تۇراتتى. سائادەت سادىققا قاراپ ئولتۇرىۋەرگۈسى كەلمىدىمۇ ۋە ياكى مىھماننىڭ ھۆرمىتى دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ قالدىمۇ ئەيتاۋۇر، ئاشخانىغا كىرىپ پەرتۇقنى تاقاپ گاز ئوچاققا ئوت ياقتى.

ئاش كۆكنىڭ مەززىلىك ھىدى دىمىقىغا ئۇرۇلغان سادىق بىشىنى كۆتۈرگەندە، سائادەت ئالللقاچان چۆچۈرە ئىتىپ داستىخانغا ئەكىلىپ بولغانىدى. سادىق تەكەللۇپ قىلمايلا ئاشنى ئىچىپ چىننى بىكار قىلدى. سائادەتنىڭ يەنە قايتا تاماق ئەكىلىش تەكلىپىنى چىرايلىقچە رەت قىلغاندىن كىيىن، سائادەتتىن تۇيۇقسىزلا سۇئال سورىدى.

- سىز مۇستاپانى ياخشى كۆرەمسىز؟ ياخشى كۆرسىڭىز قايسى دەرىجىدە ياخشى كۆرىسىز ؟

كۇتۇلمىگەن بىر سۇئال سائادەتنى گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ گاڭگىراش، ھەيران بولۇش مەنىلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن سادىققا قارىدى.

- ئەلۋەتتە ئانىلىق مىھرىم بىلەن ياخشى كۆرىمەندە. ئۇنى ئۆز بالامدىن چارە ياخشى كۆرىمەن. قانداق، سوراپ قالدىڭىزغۇ؟ بىرەر كەتكۈزۈپ قويغان يەرلىرىم بارمۇ قانداق ؟

سائادەتنىڭ بايىقى خۇشاللىقى شامالغا ئۇچرىغان تۇزغاقتەك نەلەرگىدۇر تۇزۇپ كەتكەنىدى. سادىقنىڭ بىر ئۇياقتىن ـ بىر بۇياقتىن قىلغان گەپلىرى سائادەتكە قورقۇنچلۇق ئاۋازدەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

- ئەلۋەتتە، ئۇنى ھەممىمىز ياخشى كۆرىمىز. لىكىن مەن بەك تەڭلىكتە قالدىم. ئا يالىم كۈندە مۇستاپانىڭ گىپىنى قىلىپ قۇلاق مىڭەمنى يەپلا كەتتى. ئەسلى سىزگە بۇنداق دىمەسلىكىم كىرەك ئىدى. لىكىن مەنمۇ ئامالسىزلىقتىن دىيىشكە مەجبۇر بولدۇم.

- مۇستاپانى سىزگە بەرسەم، ئۆيىڭىزگە بىر ئاپىرىپ كۆرسىتىپ ئەكەلسىڭىز بولىدۇ. ئەمما ئۇنى ئۆمۈرلۈك ئىلىپ كىتىمەن دىسىڭىز بۇنىڭغا مەن قوشۇلمايمەن.

سائادەت قولىنى قو شتۇرۇپ سادىققا يانتۇ قاراپ ئولتۇرىۋالدى. ئۆز ۋاقتىدا سادىق قاتتىق پۇل تەڭلىكى تارتىپ سائادەتكە يىلىنىپ ئالدىغا كەلگەندە، سائادەت ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتقان ھەم مۇستاپانى چىن دىلىدىن بالا قىلىۋىلىش مەقسىتى بولغاچقا، ئۇزاق ئويلانمايلا سادىقنىڭ 20 مىڭ يۈەن بىرىش تەلىپىگە ماقۇل بولغان. ئارىدىن 15 كۈن ئۆتكەندە سادىق مۇستاپانى گۈل كەشتىلەنگەن ئاپئاق كۆرپىگە ئوراپ ئىلىپ كەلگەندە يۈرىكى قىپىدىن چىقىپ كىتىدىغاندەك سوقۇپ، خۇشاللىقى چىكىگە يەتكەن ئەمەسمىدى.

مۇســــتاپانى باغرىغا مەھكەم بىســـــپ چوڭقۇر ئانىلىق مېھرى بىلەن ســـۆيگەن ئەمەســـــمىدى. ســـادىقنى يىنىۋالمىسۇن دەپ قەلەم قەغەز ئەكىلىپ توختام تۈزۈشكەن ‹‹ كىيىن سادىق بالىنى تارتىۋالمەن دىسە، شۇ پۇلىنىڭ ئىككى ھەسسىنى تۆلەيدىغانلىقى ›› نى يېزىپ ھەر ئىككىيلەن قول قويۇشقان ئەمەسمىدى. مانا ئەمدىلىكتە سائادەت مۇستاپانى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن مىنۇت، سىكۇنت ئايرىلالمايدىغان ھالغا كەلگەندە، بۇ سادىقنىڭ نىمە قىلغىنى؟ بۇ قاراپ تۇرۇپ ئادەم بوزەك قىلغانلىق ئەمەسمۇ. ئۆز ۋاقتىدىكى دىگەن ئەھدىلىرى، بەرگەن ۋەدىلىرى نەگە كەتتى؟ ئۆز ئىغىزىدىن چىققان گەپكە ئىگە بولالمىغان ئەرنىمۇ ئەر دىگىلى بولامدۇ؟................

سائادەتنىڭ خىيالى يەنىمۇ داۋاملاشقان بولار ئىدى. لىكىن ئىچكىرىدىكى ياتاق ئۆيىدىن مۇستاپانىڭ يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى. ســائادەت ســادىققا قاراپ قويۇپ، ياتاق ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپلىنىش، ئاچچىقلىنىش، خورلىنىش قاتارلىق ئارلاشما ھىسلار ئارىلىشىپ كەتكەن بىر گۇڭگا ئىپادە ئاجىز نۇر چېچىپ تۇراتتى.

10 ئايلىق بولۇپ ئازراق ئاشــقان مۇســـتاپا ســادىقنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ بۇدرۇق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ نەچچە كۈن ئالدىدىلا ياساتقان، ئەمما يەنە ئۆسۈپ ئىگىزلاپ قالغان ساقىلىغا قوللىرىنى سۈركەپ گۇڭگۇراشقا باشــلىدى. ئوغلىنىڭ بۇ تاتلىق قىلىقلىرى ســادىقنىڭ ئاتىلىق يۈرىكىنى شــۈررىدە ئىرىتىۋەتتى. ئۇ ئەمدى پۇشــــايمان قىلىۋاتاتتى، ھەســــەت قىلىۋاتاتتى. مۇســــتاپانى ســـائادەتتىن قىزغىنىۋاتاتتى. ئۆز ۋاقتىدا گۆلســــەنەمنىڭ ئالتۇن جىدىلىگە چىداپ بولالماي مۇســـتاپانى ســـائادەتكە بىرىۋەتكىنىگە ئۆكۈنىۋاتاتتى. ئەمما،ئەمدىلىكتە بولغاندا پۇشــــايمان پايدا بەرمەيتتى. ئىنســــان ئەنە شــۇنداق، يىنىدا بارىدا قەدرىنى بىلمەيدۇ. ئايرىلغاندىن كىيىن زار بولىدۇ، پۇشايمان قىلىدۇ. ئەمما لىكىن ئورنىغا كەلمەيدۇ.

10 ـ ئايدىن بىرى گەپ قىلمىغان گۆلســــەنەم ئەمدى مۇســـتاپانىڭ جىدىلىنى قىلىپ قۇلاق ـ مېڭىگىزنى يەپتۇ. بۇنى قانداق چۈشىنەي؟ بەلكىم بۇ گۆلسەنەمنىڭ ئەمەس، بەلكى سىزنىڭ ئۆيىگىزمىكىن؟

ـ ئۇنداق ئىش يوق. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ‹‹ مۇستاپانى بىقىۋالغان كىشىلەر ئۆرۈمچىگە ئىلىپ كەتتى. ئۇنى ئەمدى كۆرەلمەيمىز ›› دەپ گەپ يا سىغان ئىدىم. لىكىن بۇ ھىپىتنىڭ خۇ شاللىقىنى بالىسى بىلەن تەڭ ئورتاقلىشىش گۆلسەنەمنىڭ ئارزۇسى....

سادىق مۇستاپانى باغرىغا مەھكەم بىسىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ـ:

ـ سىزمۇ بىلىسىز. ئۆز ۋاقتىدا گۆلسەنەم مۇستاپانى بەرگىلى ئۇنىماي مەن مەجبۇرى تارتىۋىلىپ سىزگە ئەكىلىپ بەرگەن. چۈنكى ئۇ ۋاقىتتا مەندىمۇ ئامال يوق ئىدى. قولۇم قىســـقا، تۇرمۇش ئەھۋالىمىز تازا ياخشــى بولمىغاچقا، گۆلســـەنەم ســاقىيىپ قويســا ھەتتا بىرەر قۇر چىرايلىق كىيىممۇ ئىلىپ بىرەلمەيتتىم. ئۇنىڭ ئۈســتىگە 7 بالىمىزغا قوشــۇلۇپ قېيىنئانامنىڭ تۇرمۇشــى بىزگە قاراشــلىق ئىدى. باشــقا باللىرىمۇ

قارىغان بىلەن بىزنىڭ كىچىك 4 بالىمىز شـۇ ئۆيدىلا چوڭ بولغاچقا، قېيىنئانامنىڭ خىراجىتىنى بىز قىلىپ بېرىشىمىزگە توغرا كېلەتتى. شۇڭلاشقا ئايدا ئالغان مائاشىم بىر ئائىلە كىشىلىرىنىڭ قورسىقىدىن ئاشمايتتى.

سادىق سۆزلەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە سائادەت چىداپ تۇرالمىدى.

ـ ئىمىلا ئىش بولسـا ئامال يوق، ئامالسـىزلىقتىن قىلغان، ئىمكان يوق، پۇرسـەت يوقلا دەيدىكەنسـىز. سىزمۇ ئەر بولدىڭىزمۇ؟ ئەر كىشى دېگەن قىلغان ئىشىغا، ئېيتقان سۆزىگە مەسئۇل بولىشى كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا بىز قىلىشقان خەتلىك ھۆججەت مەندە ھىلىھەم ساقلاقلىق. گەرچە مەن ئۆز كۆڭلۈمدە مۇستاپانى پۇلغا سېتىۋالمىغان بولسامۇ، لېكىن بەربىر ئىككىمىزنىڭ ئارىمىزدا ئازراق ئىلىم ـ بېرىم مۇناسىۋىتى بار. بۇ مۇناسىۋەتمۇ مۇستاپا بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەمدىلىكتە كېلىپ مۇستاپانى قايتۇرۇپ بېرىڭ دېسىڭىز، يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كەتكەندەك بولىسىز. مەن بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيمەن........

سائادەت، سادىق ھازىرلا مۇستاپانى ئېلىپ قېچىپ كېتىدىغاندەك بىر قورقۇنچلۇق تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە سادىقنىڭ قولىدا گۆڭراپ ئويناۋاتقان مۇستاپانى يۇلۇۋېلا ئالدى،دە ـ باغرىغا مەھكەم بېسىپ يىغلاپ كەتتى. سائادەتكە قانچە يالۋۇرسىمۇ، ئېرىدىشىدىغان جاۋابنىڭ يەنىلا شۇنداق بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن سادىق ئېغىرلاشقان ماغدۇرسىز، جانسىز پۇتلىرىنى تەستە يۆتكەپ چاپىنىنى كىيىپلا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

ـ مۇستاپانى قاچانلا كۆرگۈڭىز كەلگەندە كېلىۋېرىڭ. ئىشىكىم سىز ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق.......

سـائادەتنىڭ ئىشـىك تۈۋىدە تۇرۇپ قىلغان سـۆزلىرى 4 ـ قەۋەتتىن پەسـكە چۈشـۈۋاتقان سـادىققا ئوچۇق ئاڭلاندى.

ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتۈپ ھېيت پەتىسـىمۇ ئاياغلىشـىپ قالاي دېگەن بىر كۈنى كەچقۇرۇن گۈلسـەنەم سادىققا مۇشۇكتەك سۈيىنىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى ـ :

ـ قاراڭ، ماھىرەنىڭ يىشـــىمۇ بىريەرگە بېرىپ قالدى. چىققان لايىقلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىســى يارىمايۋاتىدۇ. بەزىلىرىنىڭ ئوغلى يارىمايۋاتىدۇ. ھەر ئىككىلىسـى ياخشـى بولغانلىرىنىڭ ئائىلە شـارائىتى ياخشى ئەمەس ۋە ياكى يېزىدىكى دېھقان كىشىلەر بولۇپ چىقىۋاتىدۇ. ھېلىقى تاكسى شوپۇرى يىگىتنى بىر ئامال قىلىپ ئۆيىمىزگە چاقىرتساق، ماھىرە بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ باقساق، ئىككىسى چىقىشىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. سىزنىڭچە شۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

خوتۇنىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئىنچىكىلىك بىلەن ئويلىنىپ تۈزگەن پىلانىنى ســادىق ماقۇل كۆردى بولغاي بىشـــنى يىنىككىنە لىڭشـــىتىپ يەرگە قارىغىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنى قىزىمىزنىڭ ئىشـــىنى ئويلاۋاتىدۇ دەپ خۇشـال بولغان گۈلسـەنەم سـادىقنىڭ ئوت تەپتىدىن قىزىرىپ كەتكەن مەڭزىگە يىنىككىنە بىرنى ســـۆيۈپ قويۇپ، كۆزلىرىنى ئويناتقىنىچە گىرىمنى يۇيىۋېتىش ئۈچۈن پەگاھقا چۈشـــتى. لېكىن ئۇ بىلمەيتتىكى، سـادىقنىڭ ھازىر پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن مۇسـتاپانى ئويلاۋاتقانلىقىنى. لېكىن ئۇ بىلمەيتتىكى، ســادىقنىڭ پۈتۈن ئەزايىنىڭ پۇشـايمان ئوقلىرىغا يەم بولىۋاتقانلىقىنى. لېكىن ئۇ بىلمەيتتىكى، ســادىقنىڭ

ئۆزىنىڭ قىلغان ئوغرىلىق ئىشىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قىلىپ ئۆزىنىڭ تۈرمىگە قامىلىدىغانلىقىنى ئويلاپ يۈرىكىنى قورقۇنچ بىسىۋالغانلىقىنى.

دىگەندەك ئىككى كۈندىن كىيىن ســـــادىقنىڭ ئائىلىســــــدىكىلەر بىر ئالاھىدە مېھماننى كۈتىۋالماقچى بولغاندەك كۆپ تەييارلىقلارنى قىلدى. گۈلســـەنەمنىڭ جاھىللىق قىلىپ ‹‹ ھېيتتا ســـالغان پىچىنىلەرنى هازىر مېھمانغا قويۇپ بەرگىلى بولمايدۇ ›› دەپ تۇرىۋىلىشـــــى بىلەن يىڭىلاپ پىچىنە، باقالىي دىگەندەك تاتلىق تۈرۈملەر تەييارلاندى. بازاردىن ئەڭ ســـورتلۇق، ئەڭ ســـۈپەتلىك، ئەڭ تەملىك ھۆل ـ قۇرۇق يەل ـ يىمىشـــلەر ئىلىپ كىلىندى. ئۆيلەرنىڭ تام ـ تورۇســـلىرى قايتىدىن ئىلىپ، ھويلا تېمى ئاقارتىلدى. ئىككى كۈن مۇشـــۇ ئىشـــلاربىلەن پاپېتەك بولغان گۈلســـەنەمنىڭ ھېرىپ ھىچ ھالى قالمىغان ئىدى. ئۇ يىشـــىنىپ ئورۇنغا كىرىۋاتقاندىمۇ، بىر كۆرۈشـــتىلا ئۆزىگە جەلپ ئەقىل ـ ھوشـــىنى ئىلىپ قاچقان شـــۇ قارا كۆزلەر كۆز ئالدىدىن كەتمەي ئۇنى قىناۋاتاتتى.

## 5 ـ باب

ـ دادىسى، دادىسى، دەرھال ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ. كۆزىڭىزنى ئىچىڭ دەيمەن....

گۈلسەنەم قوشلاپ يىپىنىۋالغان تاۋار يوتقانغا بىشىنى پۈركەپ ئۇخلاۋاتقان سادىقنى قاتتىق ـ قاتتىق تۈرتۈشكە باشلىدى.

ـ نىمە دەيسەن يېرىم كىچىدە ئادەمنى ئۇخلاتماي؟

ـ تولا ئەزمىلىك قىلمىسىڭىزچۇ. ھويلىغا ئوغرى كىرگەنمىكى. تىز چىقىپ قاراپ بىقىڭ.

گۈلســـەنەمنىڭ تۈرتىۋىرىشـــدىن زىرىككەن، تىرىككەن ســـادىق ئۇنىڭ قولىنى ســـىلكىشـــلىۋىتىپ ئاچچىق غودۇرىدى ـ :

ـ كىچىچە ئۇيقۇڭ كەلمىســـــىمۇ ئاغزىڭغا كەلگەننى بىلجىرلاپ ئادەمنى ئۇخلاتمايدىكەنســـەن. چۈشـــۈڭدە كۆردۈڭمۇ يا ئۇ ئوغرىنى.......

سادىق يەنە بىر مۇنچە چۈشىنىكسىز گەپلەرنى دەپ غودۇڭشۇپ گۈلسەنەمگە ئارقىسىنى قىلىپ ئۆرۈلۈپ ياتتى ۋە ئۇيقۇ غا كەتتى. هويلىدا كىملەرنىڭمۇ پىچىرلاشـــلىرى، ماڭغاندا چىقىۋاتقان يەڭگىل ئا ياغ ئاۋازى گۈلسەنەمنىڭ سەزگۈر قۇلاقلىرىدىن قىچىپ قۇتۇلالمىغانىدى. ئۇ بىر تەرەپتىن سادىققا قاراپ ئاچچىقلانسا يەنە بىر تەرەپتىن غال ـ غال تىترەۋاتاتتى. ‹‹ مۇشـــۇ ئاي، مۇشـــۇ كۈنلەردە ئوغرى ـ يالغانچىلار ئاۋۇپ كىتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بىيىپ، تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنىڭ ئوبدانلا ياخشـــىلىنىپ قالغانلىقىمىزنى كۆپ ئادەم بىلىپ بولدى.

نىيىتىنى بۇزغاندىن بىرەرسىنى مال ـ دۇنيارىمىزغا كۆز قىزارتمايدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ ›› گۈلسەنەم ئۆز خىياللىرىدىن ئۆزى قورقۇپ تىنى شۈركۈنۈپ كەتتى. توساتتىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قوش پىچاق كۆتۈرىۋالغان، مەينەتلىشىپ كەتكەن قاپقارا يۈزلىرىدىن مۇدھىش، ۋەھىمە تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بىر ئەر قولىدىكى پىچاقنى تەڭلەپ ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كىلىشكە باشلىدى.

ـ ئالتۇن ـ جابدۇقلىرىڭنى چىقار، تېز بول!

ئۇنىڭ خىرقىراق ئاۋازى جىمجىت تۈن ئاسمىنىنى يىرىپ شاماللارغا قوشۇلۇپ كەتتى.

ـ سەن كىم؟ ئەڭ ياخشىسى ئاستا كېتىۋال. ناۋادا ئېرىم ئورنىدىن تۇرۇپ قالسا.....

قا سماق چىراي ئۇ ئادەم ئىككى قەدەم ئالدىغا سىلجىپ قولىدىكى پىچاقلارنى ئوينىتىپ تۇرۇپ گۈلسەنەمگە تەھدىت سالدى.

ـ ئېرىڭ ئويغىنىپ قالسا مېنى ئۆلتۈرىۋېتەرمۇ؟ ئاڭلاپ قويۇش، سەنلەرنىڭ نەچچە ۋاقتتىن بىرى كوللىكتىپنىڭ مۈلكىنى ئوغرلاپ بېيىپ كېتىشكىنىڭنى خەلقى ئالەم ھەممىسى بىلىشىدۇ. سەنلەر ھارام مىلىڭلارنى ئوغرلاپ يېتىم ـ يېسىر، غېرىپ ـ غۇرۋالارغا تارقىتىپ بەرسەم ئۇلار مەندىن ئالەمچە خۇشال بولىدۇ.

ـ يېقىن كەلمە......

گۈلسەنەم مىنۇت ئىچىدە كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان ۋەھىملىك سىزىمدىن چۆچۈپ كەتتى. ئۇ دەرھال كىچىلىك كىيىمى ئۈستىگىلا چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئالتۇن جابدۇقلىرىنى كىچىككىنە بىر خالتىغا سېلىپ كارىۋاتنىڭ ئاستىغا ئىتتىۋېتىپ جايىغا كىلىپ يېتىۋالدى. ئۇنىڭ چەبدەسلىك بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قىلىپ بولغان ھەرىكەتلىرىدىن ئۆزىمۇ ھەيران قالدى.

گۇم، گۇم، گۇم........

گۈلسەنەم ئورنىغا كىلىپ يېتىپ تېز ـ تېز سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە قولىنى قويۇپ تۇرىشى ئۇلار ياتقان ئۆينىڭ ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلدى. دۇنيادىن بىخەۋەر ھالدا قاتتىق خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتقان سادىق چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى .

ـ ئاپلا، ساقچىلار كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟

گۈلسەنەمنىڭ ئايانچلىق ئاۋازى ئۇيقۇسىنى ئاچالماي تۇرغان سادىقنىڭ جىنىغا تەگدى بولغاي قاتتىق سىلكىشلىۋەتتى.

- ئىغىزىڭنى يۇمە، شۇم ئىغىز.....

- ئىشكىنى ئىچىڭلار....ئىشكىنى ئاچ.....

سىرتتىن قاتتىق ۋارقىرىغان، قوپال سىلكىشلىگەن ئاۋازلار ئاڭلىنىۋاتاتتى. سادىق گۈلسەنەمگە قاتتىق ئۆچمەنلىك بىلەن قارىۋەتكەندىن كىيىن كىينكى يۈز بېرىدىغان ئىشلارغا ئىددىيە جەھەتتىن تەييارلىق كۆرگەچ، چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئىشكىنى ئاچتى.

قوللىرىدا تاياق ـ توقماقنى كۆتۈرۈشكەن **8** نەپەر ساقچى ئىتتىلىپ كىلىپ سادىقنى يالاپ ئىلىپ ماڭدى. گۈلسەنەم ئۆلارنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆيدىن ئاچقۇچنى ئىلىپ چىقىپ تىترىگەن قوللىرى بىلەن قۇلۇپنى ئىچىپ بەردى. ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز تاتلىق ئۇيقۇسىدا ئۇخلاۋاتقان باللار چۇرقىرىشىپ ھويلىغا چىققاندا ساقچىلار ئالللقاچان سادىقنى يالاپ ئىلىپ كىتىپ بولغان، بولىۋاتقان ئىشلار دەماللىقتا كاللىسىدىن ئۆتمەيۋاتقان گۈلسەنەم مۇزدەك سوغۇق تامغا يۆلەنگىنىچە چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى.

كىچىچە ئۇخلىمىغان گۈلسەنەمنىڭ كۆزلىرى لازا قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ باللار يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە ئىلىپ كىرگەندىن كىيىن خىلى ئۇزۇندا ئاران ئىسىگە كىلىپ تاڭ ئىتىپ ئەتراپ يورىغاندا باللارنى ھېچنېمە دىمەسلىكنى تاپىلاپ ئانىسىنىڭ ئۆيىگە يولغا سىلىۋەتكەنىدى. ئۇزۇن ئويلاپ ئاخىرى جاڭگالدا يول تاپالماي ئۇزۇن ۋاقىت چۆرگىلەپ يۈرگەن، كىيىن بىردىنلا چىقىش يولى تىپىپ خۇ شاللىقتىن سەكرەپ كەتكەن ئادەمدەك خۇشال بولۇپ يۈگۈرگەندەك مىڭىپ تېلفۇن ئورنىتىلغان تومپوچكا ئالدىغا كىلىپ ئاباسىنىڭ تېلفۇن نۇمۇرىنى باستى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئاباسنىڭ خۇشپىچىم، ساز كۇيىدەك ياڭراق ئاۋازىنى ئاڭلىغان گۈلسەنەمنىڭ يۈرەكلىرى ئوينىاپ كەتتى.

- ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. تىنشلىقمۇ؟ بۇ مەن گۈلسەنەم.

- ھە تىنشلىقمۇ؟ نىمە بولدى، ئاۋازىڭىز باشقىچە چىقىدىغۇ؟

گۈلسەنەم پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي پاڭگىدە يىغلىۋەتتى ۋە قىزىرىپ تاتارماستىن ئەپچىلگىنە يالغاندىن بىرنى توقۇپ ئاباسنى ئىشەندۈردى.

- مەن ئەزەلدىن ئاتا ـ ئانىسى يوق بىر قارا يىتىم. كىچىدىن يولدىشىم بىلەن قاتتىق ئۇرۇ شۇپ قالغانتۇق. ئۇ مىنىڭ ھەممە يىرىمنى كۆكەرگۈچە ئۇرۇپ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كىيىن ‹‹ ئۈچ تالاق، مىڭ تالاق، يۈز مىڭ تالاق ›› دەپ ئىغىزىدىن دۇنيادىكى بارلىق ئەسكى تىللارنى ياغدۇرغانچە چىقىپ كەتتى. ئەمدى بۇ ئۆيي ماڭا ھارام.........

- ۋاي شۈنچىلىك ئۇ شىقمۇ يىغلاپ سىز دەيمەن. ئۇ ئۆي ھارام بولسا، مېنىڭ ئۆيۈمنى ھالال قىلسا قالا ئىش پۈتىدىكەنغۇ.

گۈلسەنەمنىڭ يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرمايلا جاۋاب بەردى.

- ئەمما... .مەن ئازراق نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئېلىپ كېتەي دىگەن.

ئۇنىڭ سۆزىدىن نىمە دىمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن ئاباس ھازىرلا بارىدىغانلىقىنى ئېيتىپ خوشلاشتى.

ئاخشام قورقۇنچتا كارىۋاتنىڭ تىگىگە ئىتتىۋەتكەن ئالتۇن-جابدۇقلىرى بىلەن ئۆيدىكى نەخ پۇللارنى، پۇلغا يارايدىغان قىممەت باھالىق، ئۆزى يەڭگىل نەرسىلەرنى ئېلىپ تەييار قىلغان گۈلسەنەم ئىشىك ئالدىغا ماشىنا كېلىپ توختىشى بىلەن ئىشىكنى چىڭ يېپىپ قويۇپ قولىدىكى نەرسە-كېرەكلەرنى ماشىنا سېلىپ، 20 نەچچە يىلدىن بېرى ياشاپ كەلگەن بۇ ماكانغا سەل قىيمىغاندەك بىردەم قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ماشىنىغا چىقتى.

كاتەكتەك كىچىككىنە بىر ئىغىزلىق ئىجارە ئۆي دەماللىققا گۈلسەنەمگە يارىمىغان بولسىمۇ لېكىن ئۇ ئۇندىمىدى. ئاباس بۈگۈن ماشىنا ھەيدىمەي كەچ كىرگۈچە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىش، قايسى ئىشلارنى قىلىش قاتارلىق كاللا قاتۇرىدىغان بىر قاتار مەسىلەرنى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن كەچتە ئۆينىڭ ئىككى بۇلۇڭىغا ئايرىم-ئايرىم سېلىنغان ئورۇنلارغا كىرىپ ياتتى.

›› سىز ئېرىڭىز بىلەن ئاجراشقان كۈندىن باشلاپ 100 كۈنگىچە باشقا بىر ئەرگە نىكاھلانسىڭىز بولمايدۇ. ماڭىمۇ ھەم شۇ. مىنىڭغۇ سىزنى ھازىرلا ئەمرىمگە ئېلىپ، ھاياتىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرگۈم، بەختىنىڭ تەمىنى تېتىغۇم بار. لېكىن بۇنداق قىلساق كېيىنكى ھەممە ئىشلىرىمىزغا تو سالغۇ بولىدۇ ›› دىگەنىدى ئاباس بايا گۈلسەنەمگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ. گۈلسەنەم قىلغانلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىكەنلىكىنى ئايرىيالماي ئۆزاققىچە ئاھ ئۇرۇپ ئۆياق-بۇياققا ئۆرۈلۈپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

ھەپتىدىن بېرى دادىسى، ئانىسىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماي تىت-تىت بولۇپ كەتكەن ماھىرە كۆكتات ستىۋىلىش باھانىسىدە ئۆيدىن چىقتى. ئۇ قولىدىكى لىققىدە كۆكتات قاچىلانغان خالتىلارنى كۆتۈرگەن پېتى، يولدا ئالدىراش كىتىۋاتقان كىشىلەرگە مەقسەتسىزلا قاراپ كىتىۋاتقاندا كۆزلىرى تۇيۇقسىز قولىدا گۆش كۆتۈرگەن پېتى تاكسى توسۇپ تىتىلداپ كىتىۋاتقان ئانىسىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەمدىلا ئىچىلىش ئالدىدا تۇرغان قىزىلگۈل غۇنچىسىدەك يالتىراپ تۇرغان مەڭزىدە سۈس كۈلۈمسىرەش جىلۋە قىلدى. ئانىسى بىلەن تۇرغان ئارىلىقى ئانچە يىراق بولمىسىمۇ، ئۇ ئانىسىنىڭ يېنىغا بىرىپ نىمە ئىشلار بولىۋاتقانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن گۈلسەنەم تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. لېكىن قېرىشقاندەك گۈلسەنەم ئالدىغىلا كېلىپ توختىغان تاكسىغا ئالدىراپ چىققىنىچە كىتىپ قالدى. ماھىرەنىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. تېخىمۇ ئىلدامراق مىڭىپ ئانىسىغا تىزراق يىتىشىۋالمىقىنىغا ئۈلگۈرەلمىدى، ئۆز-ئۆزىنى ئەيىپلىدى. ‹‹ خان ئانامنىڭ دىيىشىچە دادامنى تۈرمىگە ئەكىرىپ كىتىپتۇمىش، ئەجىبا، ئانام ئاشۇ گۆشتە دادامغا تاماق قىلىپ ئىچىقىپ بىرەمدىكىنە؟ ئۇنداق بولسا نىمە شقا

بىر نەچچە قېتىم مىرادىل بىلەن ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا بارساق ، ئىشىككە قاتمۇ ـ قات خەنزۇچە خەت يېزىلغان ئاق قەغەز چاپلاقلىق ، ئىشكمۇ يوغان قۇلۇپتا قۇلۇپلاقلىق بولۇپ چىقىدۇ؟ ئانام ھازىر زادى نەدە تۇرىۋاتقاندۇ؟ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقاندۇ؟ ئىلگىرىكىدەك بالام ، ئۆيۈم دەپ ئۆزى خالىمايدىغان بىرەر يەردە ئىشلەپ پۇل تېپىۋاتامدىغاندۇ؟ قانچىلىك جاپا ـ مۇ شەققەتتە كۈن ئۆتكۈزىۋاتقاندۇ ؟ ›› ماھىرەنىڭ خىيال قۇشلىرى تېخىمۇ يىراقلارغا پەرۋاز قىلماقچى بولغاندا ، ماھىرە ئۇ قۇشلارنىڭ پېيىنى بوغۇپ ئۇچالماس قىلىپ قويىدى ، دە ـ دەرھال تاكسى توسۇپ ئانىسىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگەشتى .

يىغىۋېلىنغان كونا تۆمۈر ـ تەسەك ، قەغەز يەشىكلەر ، ئىچىملىك قۇتىلىرى ، قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان چاچلار بۇ يوغان ھويلىدا قىغ دۆۋە سىدەك دۆۋىلىنىپ تۇراتتى . ھويلا ئىچى ئىنتايىن رەتسىز ، قالايمىقان بولۇپ ، بىرلا قارىغان كىشىگە تازىلانمىغىلى بىرەر يىل بولغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . ‹‹ بىچچارە ئانام بىزنى دەپ مۇ شۇنداق يەردە جاپالىق ئىشلەۋېتىپتۇدە ›› ماھىرەنىڭ كۆزلىرىگە لىق ياش كەلدى . ئۇ ھازىر قولىدىكى كۆكتاتلارنى ، ئۆيدە ئۇنىڭ كۆكتات ئەكىلىپ تاماق ئېتىپ بىرىشىنى ساقلاپ ئولتۇرغان ئۇكىلىرىنى قىلچە يادىغىمۇ ئەكىلىپ قويماي ، ئانىسى بايىلا ئالدىراپ كىرىپ كەتكەن كىچىك ئۆيگە بويۇنداپ قاراۋاتاتتى . ماھىرە بىر بىسىپ ، ئىككى بىسىپ ئانىسىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى .

كونا زامانىنى ئەسلىتىدىغان بۇلۇڭدىكى كونا مورا ئوچاق ، ئوچاق ئالدىغا كىلىۋېلىپ دۈم يېتىپ ھەدەپ ئوت پۈۋلەپ كۆزلىرىگە تۈتۈن كىرىۋاتقان گۈلسەنەم ، سۇپا ئۈستىگە داستىخاننى چوڭ يېيىۋېلىپ خىمىر يېيىۋاتقان ئاببىاس ، نېرىدىكى پاچىقى لىڭشىمىپ قالغان ئۈستەل ئۈستىگە بايا ئەكىلىپلا قويۇلغان گۆش . . . . . . . .ماھىرەنىڭ كۆز قارىچۇقلىرىدا ئاستا ـ ئاستا زاھىر بولۇشقا باشلىدى .

ـ كىمنى ئىزدەيسىز ؟

ئاببىاس ئالدىدىكى بۇ تونۇمىغان قىزچاققا سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى . پۈتۈن زېھنى بىلەن ئوت پۈۋلەش بىلەن ئاۋارە بولۇپ كەتكەن گۈلسەنەم ئاببا سىنىڭ ئاۋازى بىلەن كەينىگە بۇرۇلۇپ قاراپ ماھىرەنى كۆرۈپ توك سوقۇۋەتكەندەك چۆچۈپ كەتتى . ھەيرانلىق ، شۈبھىلىنىش ، قورقۇش ، ئازراق خىجىل بولۇش ئالامەتلىرى ئۇنىڭ قارا كۆزلىرىدە سۈس يىلىنجاپ تۇراتتى . **10** كۈننىڭ ئالدىدا ئىنىسى مىرادىلنىڭ ‹‹ ئاچا ، ئانام ساڭا بىر تاكسى شوپۇرنى تونۇشتۇرۇپ قويماقچىكەن . ئۇ ئادەم بەك قاملاشقان ، قاپقارا قاشلىق **30** ياشلاردا بار باللىمىش . ئەمدى سىنىڭ تويۇڭنى قىلىۋەتسەك ئۆي بىزگە ئوڭچە قالىدىغان بولدى ›› دەپ ئۆزىنى خىجىل قىلىشلىرىنى ، تەيىيارلانغىنىغا ھەپتە بولغان پىچىنە ـ پىرەنىكلەرنى كونا ئىكەن دەپ ياراتماي يېڭىدىن تەييارلىغان ، ئۆي ـ ھويلىلارنى پاك ـ پاكىزە تازىلىغىلى سىلىپ ئۆزىنى جاپاغا سالغان ئانىسىغا قىيداپ يەنە ئاچىسىغا ‹‹ قارا ، ئانام ساڭا بەك كۆيۈنىدىكەن . سىنىڭ يىگىتىنىڭ چاقىرىۋالماقچى ئىكەنتۇق . شۇڭلاشقا مۇشۇنداق تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ ›› دىگەنلىرى كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىغاندا ، ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاببىاسنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئۇنىڭدىن يىرگەندى . ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈلسەنەمنىڭ ئاببىاسقا قاراپ ماھىرەگە كۆز يۇمۇشلاپ تۇرۇپ ‹‹ ئۇ مىنىڭ سىڭلىم ئىدى ›› دىگەنلىرى ئوغىسىنى قايىنتىپ ، پۈتۈن بەدىنى

غەزەپتىن تىترەپ كەتكەن ماھىرە ئۇلارنىڭ چاقىرىشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆيدىن چىقىپ چوڭ يولغا چىقتى. «ئەجىبا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭ سىڭلىسى بولۇپ قالدىمما؟ مېنىڭ مېھرىبان، كۆيۈمچان ئانام ئاشۇ شۇمىدۇ؟ نېمە ئۇچۇن بۇنداق ئېپلاس، نومۇسسىز ئىشلارنى قىلىپ، ئانىلىق غورۇرىغا داغ تەككۈزىدۇ؟ كونىلارنىڭ مۇھەببەت ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ قويىدۇ دېگەنلىرى راستىمكىنە؟ ناۋادا شۇنداقلا بولىدىغان ئىش بولسا، قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق مۇھەببەت!» ماھىرە يامغۇردەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنىمۇ سۈرتمەستىن كەلگەن يولى بىلەن كەينىگە قايتتى.

ئۆيگە قايتىپ كىلىپلا باتناپ يىتىۋالغان ماھىرە گەپ - سۆزمۇ قىلماي، سورالغان سوئاللارغا جاۋابمۇ بەرمەي ئۈچ كۈن ياتتى. ئۇنىڭ شۇ تاپتا تۇنسەخان ئاچا مىڭبىر جاپادا ئىتىپ ئەكىرگەن تاماقلارغىمۇ رايى يوق ئىدى. لىكىن ئۇكىلىرىنىڭ يىغلاپ يالۋۇرۇشلىرى ئۇنى تەسرلەندۈردى بولغاي، 4 - كۈنى ئەتتىگەندە ئوخشىتىپ ئىتىلگەن سۈيۇقئاشتىن بىر پىيالە ئىچىپ بولدى قىلدى. ئۇنىڭ ياشاشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلدى. ھەممە نەرسە ئۇنىڭغا ساختا، ياسالمىدەك، يولدا كىتىۋاتقان ھەممە كىشىلەر ئەخلاقسىز، نومۇسسىزدەك، دۇنيادىكى بارلىق مەۋجۇدات مېھىر - مۇھەببەت دېگەننى ئەسلا بىلمەيدىغاندەك ھىس تۇيغۇ ئۇنىڭ ناتىۋان قەلبىدە ئىسيان كۆتۈرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ، غەمسىز باللىق ئەسلىملىرى قىلىپ قالغان مەھەللىسىنى كۆرگۈسى، ئاتا - ئانىسىنىڭ خۇشچاقچاق ئاۋازى، ئۇكىلىرىنىڭ غەمسىز كۈنلىرىنىڭ شاھىدى بولغان ئۆيىگە بارغۇسى كەلدى. ماھىرە باشقىلارنىڭ «تىنىڭ ئاجىز، نەچچە كۈن تاماق يىمىدىڭ. يىقىلىپ قالىسەن» دەپ ئىچ ئاغرىتىشلىرىغا سوكۇت بىلەن جاۋاب قايتۇرۇپ، چىرايلىق كىيىنىپ ئۆيدىن چىقتى. لەپىلدەپ يىغىۋاتقان ئاپئاق قار، قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرۇپ غەمكىن يۇرگەن سوغۇق شاماللار ئۇنىڭ يۈرىكىنى مۇزلىتىۋەتتى. ئۇ ئالدىرىماي مىڭىپ ئىشىكى ئالدىغا كىلىپ پىچەتلەنگەن ئىشىكنىڭ يان ياغىچىغا يۈزىنى يىقىپ ئۆسۈپ - ئۆسۈپ يىغلاپ كەتتى. ئاھ، يىغلىۋالسا نىمانداق ياخشى، ئادەم ھەجەپ بوشاپ قالىدىكەن دىسە!

تامغا يۆلىنىپ ماغدۇرسىز پۇتلىرىغا بېشىنى قويۇپ ئولتۇرغان ماھىرە بىرسىنىڭ يىقىملىق چاقىرىشىدىن بېشىنى كۆتۈرگەندە، قولىدا بىرەر ياشقا كىرىپ قالاي دەپ قالغان ئوماققىنە بىر ئوغۇل بالىنى كۆتۈرگەن چىرايلىق بىر ئايالنىڭ تۇرغىنىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

## 6 - باب

سائادەتنىڭ ئۆيىدە قۇۋۋەتلىك غىزالىنىپ، ياخشى ئارام ئالغان ماھىرە، بىر ھەپتىدىن كىيىن خىلىلا سەمرىپ قالدى. ئۇ ھازىر سائادەت بىلەن ئىچ سىرىنى ئىيتىشىپ، ئوبدانلا چىقىشىپ قالغاچقا، سائادەت ئىشقا چىقىپ كەتسە ئۇكىسى مۇستاپا بىلەن يالغۇز قالاتتى. ئۇ سائادەتنىڭ تەربىيە قىلىشى بىلەن ئانىسى گۈلسەنەمدىن نەپرەتلەنمەيدىغان بولغان بولسىمۇ، لىكىن يەنىلا ئاچچىقى يانمىغان ئىدى. 8 بالىنى تۇغۇپ بولغۇچە ئۆزىنىڭ قەلب قەسرىدە ئەڭ ھۆرمەتلىك بىر نام بىلەن تىلغا ئىلىنىدىغان ئانىسىنىڭ، يىشى بىر يەرگە بارغاندا ئۆزىنىڭ

ئۆكىسى دىمەتلىك بىرى بىلەن تىلىنى بىر قىلىپ قىچىپ كىتىشىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ ھەپتىدىن بىرى ئۆكىلىرىنى كۆندە ئويلايتتىيۇ، ئەمما بۇ توغرىسىدا ساﺋادەتكە چىش يىرىپ بىر نەرسە دىيەلمەيتتى. ھازىر ئۇنىڭ، ئۆكىلىرىنى سېغىنغاندىن باشقا غىمى يوق ئىدى. ساﺋادەتنىڭ ياردىمى بىلەن ئاز - تولا ئۆزىنى ياساپ خىلى رەڭ تۇزەپ قالغان ئىدى .

ئەتتىگەندە بالدۇرلا ئىشقا چىقىپ كەتكەن ساﺋادەت چۈشتىن كىيىن سائەت 2 بىلەنلا ئۆيگە قايتىپ كىردى .

- قىنى مىنىڭ ئالتۇنۇم.......

ساﺋادەت ئىشكتىن كىرىپلا ماھىرەنىڭ قولىدىن مۇستاپانى ئالدى ۋە يۈز - كۆزلىرىگە سۆيۈپ كەتتى.

- ئاچا، بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدە كۆزلىرىڭىز ئولتۇرۇشۇپ كىتىپتۇ. قارىغاندا بەك جاپالىق ئىشلىگەن ئوخشىمامسىز؟

- ئۇنى بىر سورىماڭا ھازىر، - ساﺋادەت ئاستا كىلىپ ئولتۇرىۋالغاچ ماھىرەگە قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، - ئەتتىگەندە ئىشقا چۈشۈشىمگىلا بىر ئايالنى ئەكىرىپتىكەن. بالىسىنى چوڭ ئوپراتسىيە قىلىپ ئىلىشىمىزغا توغرا كەلدى دەڭە. لىكىن كۆڭلىمىزنى يېرىم قىلىپ ئۇ بالا ئۆلۈك تۇغۇلدى.

- ھە!.............ماھىرەنىڭ كۆزلىرى چۆچەكتەك يوغان ئىچىلدى. ساﺋادەت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى.

- ماھىرە، سىزگە بىر گەپنى دەي دىگەن .

- دەۋىرىڭ ئاچا. قۇلىقىم سىزدە.

ساﺋادەت پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرغان ماھىرەگە قاراپ بىردەم دىلىغۇل بولغاندىن كىيىن گەپ باشلىدى - :

- قارىسام ئۆكىلىرىڭىزنى بەك سىغىنىپ كەتكەندەك قىلىسىز. خالىسىڭىز ئۆلارنىمۇ ئەكىلىپ بىر نەچچە كۈن تۇرغۇزايلى.

- راستىما؟

ماھىرە ئولتۇرغان يىرىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ ساﺋادەتنى قۇچاقلىۋالدى .

- ئاچا سىز دادامنىڭ دىگىنىنىڭ ئەكسىچە بەكلا ياخشى ئىكەنسىز.

ماھىرە خۇشاللىقتا بىلىپ ـ بىلمەي دىمەيدىغان گەپتىن بىرنى دەپ سالغانىدى. سائادەت ماھىرەنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قالدى.

ـ نىمە؟ دادىڭىز مىنى نىمە دىگەن؟ ئەسكى دىگەنما ؟

ـ ياقەي.......

ماھىرە سائادەتنىڭ ئۆزىگە يالغان قىيداپ تۇرىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ گىپىنىڭ ئاخىرىنىمۇ دەۋەتتى.

ـ شۇ، سىزنى سۆرۈن تەلەت، ئاچچىقى يامان دىدى.......

تۇيۇق سىز تۇرغان سائادەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۆزىنىڭ با شقىلارنىڭ ئېغىزىغا بۇ خىل ھالەتتە چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. ئۇ دوختۇرخانا ئىچىدە كەسىپچانلىقى، قىزغىنلىقى، چىقىشقاقلىقى، ئىسىل كىيىنىپ يۈرىيدىغانلىقى بىلەن ھەممىنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر ئىدى. لىكىن ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ بىر بىمارنىڭ ئېرىگە ئۇنداق تەسىر بىرىپ قويىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

ـ ھە راست، گەپ بىلەن بولۇپ كىتىپ ئەڭ مۇھىم گەپتىن بىرنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ـ نىمە گەپ ئاچا.

ماھىرە سائادەتنىڭ كۆزلىرىگە چىكەتكىدەك تىكىلدى. ئۇ سائادەتكە ئامراق بولۇپ قالغانىدى.

ـ ئۇكىلىرىڭىزنى ئەكىلىپ ئىككى كۈنلا تۇرغۇزايلى. ئا ندىن ئۇلارنى كەتكۈزىۋىتىپ مۇۋاپىق بىر كۈندە ئىككىمىز بىللە چىقىپ دادىڭىزنى يوقلاپ كىرەيلى. دادىڭىز ئىشلەيدىغان زاۋۇتتا بىر تونۇشۇم بار ئىدى. ئازراق ئېغىزىنى تاتىلاپ باقسام، زاۋۇتتىن خەت قىلىپ بەرسە ئائىلىسىدىكىلەر كۆرۈشسە بولىدىكەن.

ـ تىخى مۇستاپامۇ بار ئاچا. دادام ئۇنىمۇ دائىم سىغىنىپلا تۇراتتى.

ـ ماقۇل ئەمسە....ئۇكىلىرىڭىزنى بىز دادىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كىرگەندىن كىيىن يەنە پات ـ پات كۆرۈپ تۇرۇڭ. ئۇلارنى ئەنسىرىتىپ قويىسىڭىزمۇ بولماس.

ـ ئاچا، سىزگە بىر ئىشنى ئېيتمىغانتىم......

ماھىرە تىرنىقىنى تاتىلاپ ئاستا يەرگە قارىۋالدى.

ـ قىنى دەڭە.

- ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مەن خان ئانامنىڭ ئۆيىگە تېلفۇن ئۇرۇپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەن.

ماھىرە سائادەتنىڭ ئۆزىگە ئېيادىسىزلا قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ داۋاملاشتۇردى.

- ئۇلارمۇ مەندىن ئەنسىرىگەندىن باشقا ياخشى تۇرۇۋېتىپتۇ. ئەمما ئانامنىڭ سىڭلىسى گۈلئايىم ھاممام ئانامنىڭ ئىشلىرىدىن ئازراق خەۋەردار بولغان ئوخشايدۇ. خان ئانام شۇنداقراق گەپلەرنى قىلدى. مەن بىلمىگەن كىشى بولۇپ جىم تۇردۇم.

- ياخشى قىپسىز. سىز ئۇ كۈنى كۆرگەن ئە شلارنى، ئانىڭىزنىڭ سىزنى «سىڭلىم» دىگىننى ئېيتىپ قويسىڭىز، خان ئانىڭىز قاتتىق خاپا بولۇپ قالىدۇ. ئۆزىنىڭ باققان پەرزەنتىنىڭ شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى سەۋەبلىك بۇنداق نۇمۇسسىز بولۇپ كەتكىنىنى بىلسە بەلكىم ئاغرىپ يېتىپ قىلىشى مۇمكىن.

- شۇڭلاشقا دىمىدىم ئاچا.

- ياخشى قىپسىز. ئەمدى بۇنداق ئىشلار بولسا مېنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىپ قويۇڭ.

- ماقۇل ئاچا، ھە راست ئاچا. كەچتە كۆڭلىڭىز نېمە تارتىدۇ؟ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپمۇ سائەت 4 تىن ئېشىپ قاپتۇ. بۈگۈن تاماقنى بالدۇرراق يەپ، كەچتە پۇت-قولىڭىزنى تۇتۇپ قوياي.

ئارىدىن 20 كۈنلەرچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. ھاۋا ئوچۇق، يىتىپ كىلىۋاتقان باھارنىڭ كۆيدۈرگۈچى قۇياشى قىز مەڭزىدەك پارلاپ چىققان بىر شەنبە كۈنى سائادەت ماھىرە بىلەن مۇستاپانى ئېلىپ سادىقنى يوقلاپ تۈرمىگە چىقتى.

يول ياقىسىدىن 50 مېتىرچە ئىچىگە تارتىپ سېلىنغان تۈرمىنىڭ ھەيۋەتلىك ئىگىز تاملىرى، چۆچەكلەردىكى ئۇچار قۇشلارمۇ ئۆتەلمەيدىغان ئېگىز سىپىللارنى ئەسلىتەتتى. ئىشىك تۈۋىدە ھەيكەلدەك قىتىپ تۇرۇشقان ھەربىيلەرنىڭ تەكشۈرۈشلىرى قاتتىق، سوئال-سوراقلىرى كۆپ ئىدى. سائادەت قاتمۇ-قات تەكشۈرۈشلەردىن ساق-سالامەت ئۆتۈپ بىر تۈرمە خىزمەتچىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن ئوتتۇرىدا چوڭ ئۈستەل، ئىككى ئورۇندۇق قويۇلغان ئىشخانا ئىچىدىكى سىرلىق، قورقۇنچلۇق بولۇپ، ماھىرەگە ئۇلارنى ھازىرلا يالماپ يۇتىۋىدىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن تىتما-تىتما بولۇپ كەتكەن چاپىنىنى يېپىنچاقلاپلا چىققان سادىق ئۆز كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى. چۈنكى ئۇنى چاقىرغىلى كىرگەن ساقچى-:

- ئايالىڭ باللىرىڭنى ئېلىپ سىنى يوقلاپ كەپتۇ.

دىگەن ئىدى. گۈلسەنەمنىڭ ئورنىدا سائادەتنى كۆرگەن سادىق ئورنىدا دەققە قىتىپ قالغاندىن كىيىن، چاندۇرماي كىلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان سادىقنىڭ يۈزىدە روشەن تاياق ئىزلىرى قالغان ئىدى. مىگىشىدىن بىر پۇتىنىڭ سەل ئاقسايدىغانلىقىنى پەملىگەن سائادەتنىڭ يۈرىكى ئىچىشىپ كەتتى. سادىقنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن ماھىرە ئۇكىسى مۇستاپانى دادىسىنىڭ قۇچىقىغا قويۇپ قويدى. بىر ياشتىن ئېشىپ قالغان مۇستاپاغا سائادەت داۋاملىق «دادا» دېيىشنى ئۆگەتكەچكە، سادىقنىڭ يۈزىنى بۇدرۇق قوللىرى بىلەن سىلاپ تۇرۇپ بىر نەچچە قېتىم «دادا» دەۋەتتى. ئۇنى قانغۇچە سۆيۈپ پۇخادىن چىققان سادىق ماھىرەگە قاراپ سورىدى ـ:

ـ قىزىم ئانىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

ـ ئانام...........

ماھىرە گەپنىڭ ئۇچىنى چىقىرىپ بولغۇچە سائادەت دەرھال جاۋاب بېرىۋەتتى.

ـ ئۇنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن. شۇڭلاشقا مەن ئۇنىڭ ئورنىدا سىزگە كىيىم ـ كېچەك، ئازراق يىمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئىلىپ چىقتىم. ئاڭلىسام بىر يېرىم يىل كىسىپتۇ. بۇ ۋاقىت كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كىتىدۇ. ئۆزىڭىزنى بەردەم تۇتۇڭ.

ـ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتۈپ كىتىدۇ! ھىم..........سىرتتا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرگەنلەر بۇ يەرنىڭ قانداق ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپمۇ بىلەلمەيدۇ. ھەتتا ئۇخلىسا چۈشىگىمۇ كىرمەيدۇ......

سادىق بىر ئازدىن ئۆزىگە كىلىپ، يات بىر ئايالنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىندۈرۈپ قويغانلىقىنى ھىس قىلىپ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

ـ رەھمەت سىزگە. سىزگە كۆپ جاپا سالپتۇق. بىزدىن يانمىسا خۇدايىمدىن يانار. بۇ يەردىن چىقسام، بىر جۈپ قولۇمغا تايىنىپ ھالال ئىشلەپ جان باقىمەن. گۈلسەنەمگە مىنىڭ بۇ يەردە جاپا چىكىپ قالغانلىقىمنى دىمەڭلار. چۈنكى ئۇنىڭ تىنى ئاجىز. كۆتۈرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر ئاغرىپ قاپتۇمىش.

سادىقنىڭ مىسكىنلىك يىغىپ تۇرغان چىرايىغا قارىغان سائادەتنىڭ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. گۈلسەنەمنىڭ ئالتۇنغا بەرگۈسىز مۇشۇنداق ياخشى ئىرى تۇرۇپ، تالاغا قاراپ قالغانلىقىغا ھەيران بولدى. ماھىرەنىڭمۇ كۆزلىرى ياشلانغان بولۇپ، پاككىدە يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران ـ ئاران تۇتۇپ تۇراتتى.

كۆرۈشۈش ۋاقتى توشۇپ ساقچى سادىقنى چاقىرىپ ئېلىپ ماڭماقچى بولغاندا، ماھىرە دەرھال كېلىپ دادىسىنى قۇچاقلىۋالدى ـ :

ـ دادا، ئەمدى سىلەرنى چىرايلىق كىيىم ئېلىپ بېرىڭلار دېمەيمەن. كۆڭلىدە گۆش يېيەلمىدۇق، گۆش تاماق ئەتكۈم يوق دەپ سىزدىن ئاغرىنمايمەن. دادا، تېزراق قايتىپ چىقىڭ. مېنىڭ يەنە شۇ بۇرۇنقى ئىللىق ئائىلىدە ياشىغۇم بار....

سادىق ماھىرەنىڭ سۆزلىرىنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاشقا تاقىتى يەتمەي ساقچىنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ كېتىپ قالدى. ئۇنىڭ پات ـ پات چاپىنىنىڭ يېڭى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈشىدىن ئۇنىڭمۇ ئازابلانغانلىقى، يىغلىغانلىقى بىلىنىپلا تۇراتتى. سائادەت بىر قولىدا مۇ ستاپانى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ماھىرەنى يۆلەپ ئۇنىڭغا تە سەللىي بەرگەچ بۇ سۈرلۈك ماكاندىن ئايرىلدى.

## 7 ـ باب

سائادەتنىڭ تونۇشتۇرىشى، تۇنسەخان ئاچىنىڭ كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ ماقۇللۇق بېرىشى بىلەن ماھىرەنىڭ تويى بولۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئوغۇل تەرەپ سائادەتنىڭ بىر يېقىن تونۇشى بولۇپ، تويى بولماقچى بولغان يىگىت ناھىيەگە يېقىنراق بىر يېزىدا مۇئەللىملىك قىلاتتى. ئۇ ماھىرەنى بىرلا كۆرۈپ ياقتۇرۇپ قالغاچقا، چوڭلارمۇ ماقۇل بولۇشقانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سائادەت ئۇلارغا ماھىرەنىڭ ياخشى گېپىنى تولا قىلىپ بېرىپ ئۇلارنىمۇ ماھىرەگە ئامراق قىلىپ قويغانىدى. لېكىن ماھىرە دادىسىنىڭ مەسىلىھەتنى ئالمىسا توي قىلمايدىغانلىقىنى، دادىسى چىققۇچە ساقلايدىغانلىقىنى ئېيتىپ ئۇنىمىدى. ئوغۇل تەرەپنىڭ ئالدىرىتىشى بىلەن تۇنسەخان بىلەن سائادەت تۈرمىگە چىقىپ سادىق بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ئىككىسى ھەر تەرەپتىن چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىپ ماھىرەنىمۇ قايىل قىلغانىدى. ماھىرە دەسلەپتە ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتىپ، كېيىن سائادەتنىڭ باغرىغا سىڭىپ ئۇزاققىچە ياش تۆكۈۋالغاندىن كېيىن «بوپتۇ ئاچا، سىز نېمە دېسىڭىز ماقۇل دەي. چۈنكى سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ياخشى. سىزمۇ ماڭا ياخشى بولسۇن دەۋاتىسىز. نەچچە ۋاقىتتىن بىرى ماڭا ئۆز ئانامدەك مۇئامىلە قىلدىڭىز. مەيلى، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلاردەك بولسۇن!» دەپ سائادەتنىڭمۇ ئىچ ـ باغرىنى ئېزىۋەتكەنىدى .

ـ لېكىن سىزدىن بىر ئۆتۈنىدىغان ئىشىم بار ئاچا. دېسەم خاپا بولۇپ قالارسىزمۇ؟

ـ قېنى، دەۋېرىڭ .

- گەرچە ئانام بىزنى تاشلاپ يات بىر خەق بىلەن قېچىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا مېنى تۇغۇپ چوڭ قىلغان ئانام. تويۇمدا داداممۇ يوق، ئاناممۇ يوق بولۇپ قالسا يېتىمسىراپ قىلىشىم مۇمكىن. شۇڭلاشقا ئانامغا باغاق ئاپىرىپ بەرگەچ، ئۇنى تويۇمغا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كېلەي دىگەنىتىم.

- ياخشى ئويلاپسىز. سىز دىمىگەن بولسىڭىزمۇ مەن ئەلۋەتتە شۇنداق قىلغان بولاتتىم.

سائادەت بىلەن ماھىرە ئانا ـ بالىدەك بىر ـ بىرىنى مېھىر بىلەن قۇچاقلىدى .

ماھىرە ئانىسىنىڭ بىر تال باغىقنى قولىدا مەھكەم تۇتقان ھالدا بىر نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا ئۆزى يىرگىنىپ، سەسكىنىپ چىقىپ كەتكەن ۋەيرانە ھويلىغا قەدەم باستى. ھويلىنىڭ ئىسكەتى يەنىلا شۇ پېتى تۇراتتى. ئوتتۇرا ياشلىق، ئۇستىخانلىق، تەمبەل بىر ئادەم يەردە چىچىلىپ ياتقان قەغەز يەشكىنىڭ پارچىلىرىنى ئۇستىگە ئىتىپ دۆۋىلەۋاتاتتى. ماھىرە ئاستا كىلىپ ئەدەپ بىلەن سالام بەردى.

- ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاكا.

- ھە.....ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

ئۇستىخانلىق ئەر بىشىدىكى كىر دەستىدىن قاسماقلىشىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان بادام دوپپىسىنى كەينىگىراق سۇرۇپ قويۇپ ماھىرەنىڭ بىشىدىن ئايىغىچە سەپسىلىپ قاراپ چىقتى.

- ئالدىنقى قېتىم مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرغان بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ھازىرمۇ مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرامدۇ؟

- ياق. ئۇلار كۆچۈپ كەتتى. ئاۋۇ ئىتتىپاق يولىدىكى يېڭىدىن سىلىنغان 29 قەۋەتلىك بىنانى بىلەمسىز؟ ئۇلار شۇ بىنانىڭ 29 ـ قەۋىتىگە كۆچۈپ كەتتى. تىخى ئۇلار يىڭىدىن سىتىۋالغان نەرسىلىرىنى ماڭا كۆپ پۇل بىرىپ توشۇتقۇزغان.....ۋوي، ھەجەپ يىپتىن ـ يىڭنىسىگىچە سۆزلەپ بىرىپتىمەنغۇ. سىز كىم بولىسىز ئۇلارنى سۇرۇشتۇرگۇدەك.

ماھىرە دۇدۇقلاپ قالدى.

- مەن..مەن.....مەن ئۇلارنىڭ تۇققىنى بولىمەن. ئۆيىمىزدە بىر توي ئىشىمىز بولغاچ، ئۇلارغا باغاق ئىلىپ كەلگەنىتىم.

- تۇغقىنى؟ ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ‹‹ ئاتا ـ ئانىمىز كىچىكىمىزدە ئۆلۈپ كەتكەن. بىزنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرىمىز يوق ›› دەپ يۈرۈشىۋاتاتتىغۇ. توۋا قىلدىم خۇدايىم، قاتتىق توۋا، ـ ئۇ كىشى يوق ساقىلىنى سىيپىغاچ كايىپ كەتتى. ـ قارىسام كىچىككىلا قىزكەنسىز. ئۇلارنىڭ ھىچنىمىسى يوق، مۇشۇ كەپدە ئاددىي ـ

ســـاددا تۇرمۇش كەچۈرگەندە بىرەر قېتىممۇ كىلىپ قويمىغانتىڭىزغۇ. ئەمدىلىكتە ئۇلارغا «غايىپتىن خەزىنە ئۇچراپ» بىيىپ قالغاندا ئۇلارنىڭ تۇغقىنى بولۇۋالغىنىڭىزنى قاراڭ. بۇنىڭغا قارىغاندا، ھەممە ئادەمنىڭ پۇلى كۆپ، باي بولسـا ياخشـىمۇ نىمە؟ مانا مۇشـۇنداق ئىزىپ ـ تىزىپ قالغان ئادەملەرمۇ «تۇغقىنى» بولۇپ كىلىۋېرىدىكەن ئەمەسمۇ!

ماھىرە ئۇ ئادەم بىلەن تاكاللىشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ياخشى ئەمە سلىكىنى پەملەپ دەرھال كەينىگە قايرىلىپ، چوڭ يولغا چىقىپلا تاكسى توسۇپ كىتىپ قالدى.

شـەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشـقان، يېڭىدىن سـىلىنغان 29 قەۋەتلىك بىنانىڭ 29 ـ قەۋىتىدىكى مىللىيچە ئۇسلۇبتا چىرايلىق زىننەتلەنگەن، قىممەت باھالىق دۇخاۋا پەردىلەر، ئالىي دەرىجىلىك سافا، ئەينەك ئۇستەللەر، يالتىراق گۈل تەشتەكلىرىدىكى ئادەمگە ھوزۇر بېغىشلايدىغان چىرايلىق گۈللەر بىلەن بېزەلگەن بۇ ئۆيدە بۈگۈن ئاددىيلا زىياپەت بىلەن ئابباس بىلەن گۈلسەنەمنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇۋاتاتتى. ئابباسنىڭ ئاتا ـ ئانىسى كىچىكىدە ئۆلۈپ كەتكەچكە ئۇنى چوڭ دادا، چوڭ ئانىســــى بېقىپ چوڭ قىلغان. ئۇلارمۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كىيىن، ئۇ شـــەھەرگە قايتىپ كىرىپ تىرىكچىلىك يولىنى قىلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقانلار بىلەن بېرىش ـ كىلىش قىلمىغاچقا، ئا سا سەن ئۇنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىمۇ يوق دىيەرلىك ئىدى. گۈل سەنەممۇ ئاتا ـ ئانام ئۆلۈپ كەتكەن. ئۇرۇق ـ تۇغقـانلىرىم يوق دەپ تۇرىۋالغـاچقـا، بۈگۈن ئۇ يىقىن ئـاغىنىســــدىن 3 ـ 4 نى چـاقىرىـپ، ئىلگىرىكى مەھەللىسىدىكى مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بىلەن مەزىننى چاقىرغانىدى.

ئۇ كىشىنىڭ ئىيتىپ بەرگىنى بويىچە ئا سانلا تىپىپ كىلىۋالغان ماھىرە لىغىتىنىڭ يەڭگىل تىترەپ تۇختىشى بىلەن پەلەمپەينىڭ كىچىككىنە كارىدورىدا، ئابباس ۋە گۈل سەنەم ئۇزىتىپ چىققان مېھمانلار بىلەن دوقۇرۇشىپ قالدى. ئاپئاق ســاقاللىق، بىشــغا يوغان ســەللە ئورىۋېلىشــقان كىشــلەرنى، يەنە 3 ـ 4 كىشــىنى كۆرگەن ماھىرەنىڭ ئاچچىقتىن قان قۇيغاندەك قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرى گۈلســەنەمنىڭ خۇشـاللىقتىن چاقناپ كەتكەن چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇچرا شقاندا گۈلسەنەم باشقا تەرەپكە قارىۋالدى. مېھمانلار بۇ كۈتۈلمىگەن مېھماننىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كەلمىگەندەك ئۆي ئىگىلىرى بىلەن چىرايلىق خوشلىشىپ كىتىپ قىلىشتى.

ۋاقىت دەقىقە، مىنۇت، سـىكۇنتلاپ ئۆتمەكتە. گۈلسـەنەمنىڭ قاتتىق زورلىشـى بىلەن ئۆيگە كىرگەن ماھىرە خۇددى بىرى گىلىنى بوغۇۋاتقاندەك، نەپىســى قىينىلىۋاتقاندەك بىئارام بولماقتا. شـۇنچە خۇشـپۇراق، شـۇنچە كەڭتاشـــا چىرايلىق بېزەلگەن بۇ ئۆي ئۇنىڭغا زۇلمەت قاراڭغۇلۇقتىن بىشـــارەت بەرمەكتە. كۆڭلى ئۇيۇپ، ئاللىقانداق ۋەھىملىك ئوي ـ خىياللار كىچىككىنە كاللىســـىنى قايمۇقتۇرماقتا. ماھىرە بىلەن گۈلســـەنەمنىڭ ئاندا ـ ســـاندا ئۇچرىشـــىپ قالىدىغان كۆزلىرى ئىچكى ئۇرۇشـــنىڭ پىلتىســـىگە ئوت ياقماقچى بولغاندەك ھەسرەتلەنمەكتە. قايغۇرماقتا .

خىلى ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇ سۈكۈتكە بەرداشلىق بېرەلمىگەن ئابباس ئاخىرى ئېغىز ئاچتى.

— تە شلىق كەپ سىزمۇ سىڭلىم. ئالدىنقى قېتىم ھىلىقى ئۆيىمىزگە بېرىپ ئاچىڭىز بىلەن تە شلىق ـ ئامانلىقمۇ سوۋرىماي كېتىپ قالدىڭىز. ئاچىڭىز نەچچە كۈنگىچە بىئارام بولۇپ، تۈزۈك تاماقمۇ يېمىدى. ئۇخلىيالماي نەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. سىزمۇ شۇنىڭدىن بېرى يوقاپلا كەتتىڭىز.

— ھەئە 《《ئاكا》》 ـ دېدى ماھىرە چىشىنىڭ ئارىسىدىن ئۇرغۇلۇق قىلىپ، ـ 《《ئاچام》》 سىز بىلەن كېتىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى بەكلا سېغىندىم. نۇرغۇن كېچىلەرنى ئايغا قاراپ خىيال سۈرۈپ ئۆتكۈزدۈم. لېكىن 《《ئاچام》》 دىن قىلچە خەۋەر بولمىدى. ئاخىرى بىر كۈنى ئۇنى بازاردا ئۇچرىتىپ قېلىپ كەينىدىن ئەگە شىپ سىلەرنىڭ ھېلىقى ئۆيۈڭلارغىچە باردىم. دەل شۇ ۋاقىتتا يۈرىكىمگە بىر پىچاق سانچىلغاندەك بولۇپ كەتتى. يۈرىكىم ئاغرىغاندى. شۇنىڭ بىلەن بۇ دىل يارامنى 《《 ئاچام》》 غا كۆرسەتكۈم كەلمەي، سىلەر بىلەن خوشمۇ دېيە شەلمەي كېتىپ قالدىم. ئۆگۈنلۈككە مېنىڭ تويۇم بولىدۇ. 《《 ئاچام 》》 نى قاتنى شىپ بېرەمدىكىن دەپ تەكلىپ قىلىپ كىلىشىم ئىدى.

— خاپا بولماڭ سىڭلىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزنى چاقىرىۋالساق بولاتتى. لېكىن ئۆيىمىز كونا، تۈزۈك سەرەمجانىمىز بولمىغاچقا خىجىل بولدۇق. مانا بۈگۈن بىز ئىككىمىزنىڭ قۇتلۇق ئوقۇلدى. ئۆگۈنلۈككە ئۆتكۈزۈلىدىغان تويىڭىزغا بىز چوقۇم قاتنى شىمىز. ئاكىڭىز بولغاندىكىن بالدۇرراق بېرىپ قارى شىپ بەرمىسەم بولماس. ھە راست، تويىڭىزنى كىم باش بولۇپ قىلىپ بەردى؟ گۈلسەنەمدىن ئاڭلىسام ئاتا ـ ئانائىلار كىچىك ۋاقتىڭلاردىلا ئۆلۈپ كېتىپتىكەنغۇ.

ماھىرەنىڭ يۈرىكىدىكى ئاغرىق چىرايىغا تەپتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى كۆكۈچ تۆمۈر رەڭگىگە كىرگەن بولۇپ، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئانىسىغا ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆچ بولۇپ كەتكەن، ئۇنىڭغا قاتتىق نەپرەتلەنگەنىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئانىسى ئىدى. شۇڭلاشقا ماھىرە ئانىسىنى ئاياپ بولسىمۇ ئاببا سقا جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدى.

— بىزنى كىچىكىمىزدە 《《بىقىۋالغان》》 بىر چوڭ ئانىمىز بار ئىدى. 《《ئاچام》》 نىڭ دىگەنلىرى توغرا. ئۇ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈرتتا يوق ئىدى. 10 كۈندەك بولدى، قايتىپ كەپتىكەن. 《《 چوڭ بولۇپ قاپسىز قىزىم، ئىگە بولغۇدەك ئادىمىڭىز يوق. كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا تويىڭىزنى قىلىۋېتەي. 》》 دەپ چىڭ تۇرىۋالدى. شۇڭلاشقا مەنمۇ قوشۇلدۇم.

ماھىرەنىڭ بىر گېپى مىخ، بىر گېپى زىخ بولۇپ، گۈلسەنەمنىڭ يۈرىكىگىلا سانچىلىۋاتاتتى. ئۇ ماھىرەنىڭ چە شىنىڭ ئارىلىقىدىن چىقىرىپ ئېيتقان ئۇرغۇلۇق گەپلىرىنىڭ نەق ئۆزىگە قارىتىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ نەقەدەر ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۆزىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ كۆڭلى يېرىم بولدى. يۈرىكى قوقاسقا تاشلىغاندەك پۇچۇلىنىپ كەتتى. مۇشۇ پەيتتە ئۆيدە ئاببا س بولمىغان بولسا، ماھىرەنى باغرىغا بېسىپ قانغۇچە يىغلىۋالسا، ئۆزىنىڭ 《《 شەيتاننىڭ كەينىگە كىرىپ 》》 ئېزىپ كەتكەنلىكىنى، ئاببا سقا كۆڭلى چۈشۈپ قالغاچقا كۆزى 《《قارىغۇ》》 بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندۈرگۈسى كەلدى. لېكىن ئۇ ئۇنداق

قىلالمايتتى. ئۇنى جۇرئەت قىلالمايتتى دىگەندىن كۆرە، بۇ چىرايلىق ئۆيدىن قورۇق قالغۇسى يوق ئىدى دىسە ئەڭ ئاقىلانىلىك بولاتتى.

›› ـ ئاچا ›› ئەمسە مەن قايتاي. بۇنىڭدىن كيىن پات ـ پات ‹ ‹ئىزدىشىپ › › تۇرايلى.

ماھىرە شۇنداق دەپ قولىدىكى توي باغىقىنى ئۇلارغا بەرگەندىن كيىن خوشلىشىپ چىقتى. ئاببارس تاماققا توختاڭ دەپ قانچە تۇتقان بولسىمۇ، ئۇ رەت قىلىپ ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ كىتىپ قالدى.

خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەرىكە زالىدا نەغمە ـ ناۋاسىز ئۆتكۈزىلىۋاتقان بۇ توي تۇنىسەخانىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققانلىرى، سائادەتنىڭ ئۇرۇق ـ تۇققان، دوست ـ بۇرادەرلىرى بىلەن قىزىزىپ كەتكەن ئىدى. تويغا ـ كىلىپ كىتىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ســـــائادەت دوســــــتلىرىغا ئالدىن تاپىلاپ قويغان بولغاچقا، ماھىرەمۇ يالغۇز قالمىدى. ســــــائادەتنىڭ دوســــــتلىرىنىڭ قىزلىرى كىلىپ ئۇنىڭغا قىزىزىق يۇمۇرلارنى، قىزىقارلىق گەپلەرنى ئىيتىپ بىرىپ كۈلدۈرۈپ ئولتۇردى. ماھىرەمۇ ئۇلارغا جاۋابەن سۆس كۈلۈمسىرەپ رازىلىقىنى ئىپادىلىدى.

زال ئىشىكىدىن كىرگەن يەردە بىر ئۇستەلنى چۆرىدەپ ئولتۇرىۋالغان خوتۇنلار ھىلىدىن ـ ھىلىغا چاقچاقلىشىپ كۈلۈشەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكە ئاۋازلىرى زالدىكى كىشىلەرنى ئۇلارغا قاراشقا مەجبۇر قىلاتتى .

ـ ســــائادەت، خىلى ئىپىڭ بار جۇمۇ ســــىنىڭ. ھىچ كۈچىمەيلا بىر نەچچە ئاي ئىچىدە نەچچە بالىغا ئانا بولۇپ بولدۇڭ مانا.

شــۇ ،شــۇ . . . . .بىزدەك نەچچە ئاي قورســاق كۆتۈرمەي، دەھشــەتلىك ســىزىك ئازابى تارتمايلا بالىلىق بولىۋالدىڭ جۇمۇ.

ـ راست دەيسىلە. بۇنى خىلى گەپتان، نىمە گىپى بولسا بىزدىن سىر ساقلىمايدۇ دەپ يۈرۈيتتۇق. لىكىن بۇ قىتىم بىزدىن يوشۇرۇن ھەممە ئىشلىرىنى يەڭ ئىچىدىلا يۈرۈشتۇرىۋاپتۇ ئەمەسمۇ. . . . .

ـ دىمىسىمۇ شوخ، چىرايلىق تۇرسا بۇ. ھەر قانداق ئەرنىڭ قولىغا قوندۇرىۋالغۇسى كىلىدۇ بۇ قۇشنى. . . . . .

ۋە. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ســورۇندا يەنە كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بويۇنلىرىغىچە شــەلپەردەك قىزىرىپ كەتكەن ســائادەت خىزمەتداشــلىرىنىڭ ماختاشقىمۇ، ئەيىپلەشكىمۇ ئوخشمايدىغان بۇ چاقچاقلىرىنى بوپتۇ دەپلا ئۆتكۈزىۋەتتى .

ـ ئۇنداق بولسا سىلەرمۇ شۇنداق ‹‹ ئانا ›› بولىۋالامسىلەر يا!

سائادەت كۆلۈپ تۇرۇپ ھەممە ىسگە تەك شى بىر قاراپ چىقتى. ئۆنىڭغىچە كەينىدىن كەلگەن بىر سى ئۆنى تارتقۇشلاپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى.

- سائادەت ئاچا، ماھىرەنىڭ ئانىسى كەپتۇ. ئالدىغا چىقامسىز يا ؟

باللىرىنى تا شلاپ كىتىدىكە كۆڭلى ئۆنىغان بۇ باغرى تاش ئانىنى تۇغۇتىدا ئىنىق كۆرەلمىگەن سائادەتنىڭ ئۆنى ئىنىق كۆرىۋالغۇ سى، ئۆنىڭ بىلەن تونۇ شىۋالغۇ سى بار ئىدى. شۇڭلا شقا ئۇ دو ستلىرىدىن ئۆزرىخاھلىق سورىدى - :

- كەچۈرۈڭلار. ئەزىز بىر مىھمىنىم كىلىپ قالدى. سىلەرنىڭ يىنىڭلارغا سەل تۇرۇپ كىلىمەن.

- بارە،بار. بەلكىم ‹‹قىينىئاناڭ››دۇ. بىزدىنمۇ ئەزىز مىھمىنىڭ بولغىنىغا قارىغاندا چوقۇم شۇ...

ئايالنىڭ كۆلكىسىگە بىردەم جۆر بولغان سائادەت ئالدىراپ ماھىرە ئولتۇرغان ئۆيگە كىردى. كۆز ئالدىدا قاپقارا قۇندۇز چاچلىق، ئورغاق ئاينى ئەسلىتىدىغان ئەگىم قاشلىق، بادام قاپاق ئاستىدىكى يوغان قوي كۆزلۈك، ئىقىپ چۈشكەندەك قاڭشارلىق بۇرۇنلۇق، ئالۇچىدەك قىپقىزىل لەۋلىك بىر ئايال يەرگە بىقىپ ئولتۇراتتى. سائادەت ماھىرەنىڭ ئانىسىنى چىرايلىق دەپ تەرىپلەپ بەرگەنلىكىنى ئازاب بىلەن ئەسكە ئالدى. ‹‹ ئۆز ۋاقتىدا ئۇ تۇغۇتلۇق ياتقاندا چىرايىنى ئىنىق كۆرمىگەنىدىمەنمۇ ياكى بۇگۈن باشقىچە چىرايلىق بولۇپ قالغانىمىدۇ؟ مەن ئۆنى بۇنچە چىرايلىقتۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئەمەلىيەتتە راستىنلا چىرايلىق ئىكەن ئەمەسمۇ! لىكىن كونىلارنىڭ چىرايلىقتا ۋاپا يوق دىگىنى راست ئوخشايدۇ. ئىرى ئۆياقتىن تۇرمىگە چۈشۈپ بولغۇچە، بۇياقتىن توي قىلمىغان ياش يىگىتنىڭ كەينىدىن كىتىپ قالسا، ھەر قانداق ئادەم نەپرەتلىنىدۇ دە›› سائادەتنىڭ خىياللىرى گۈلسەنەمنىڭ ئۆنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشى بىلەن چورتتىدە ئۈزۈلدى. ئۇلار تىنىشلىق - ئامانلىق سورا شقاندىن كىيىن، ئىچىدىكى گىپىنى قىلىشالماي ئۆزاق ئولتۇردى. سائادەت ‹‹ شۇنچە ياشقا كىرىپ ئۆزىنى بۇزغۇچە، ئىرىنى ساقلاپ ئولتۇرسا بولىدۇ ›› دەپ ئويلىغان بولسا، گۈلسەنەممۇ ئۆز نۆۋىتىدە ‹‹ نىمە قىلىدۇ مىنىڭ باللىرىمغا ئانا بولۇۋىلىپ. ئۆزىنى بىلمەيدىغان پەس، رەسۋا ›› دەپ ئىچىدە نەچچىنى تىللاپ قارغاۋاتاتتى .

تۈنىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى ھە شەم - دەرەملىرى ئاخىرلا شقان بىر كۈنى سائادەت مۇستاپانى ئۇيىنىتىپ كىلىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى. يول بويىدىكى يوپۇرماق چىقىرىۋاتقان چىنار دەرەخلىرى، ئورمان بەلۋاغلىرىدىكى ياش مايسىلار، باھارنىڭ ئىللىق مەيىن شاملى ئۆنىڭ ۋۇجۇدىنى سىھىرلەپ، مۇستاپاغا بولغان ئانىلىق مىھرى - مۇھەببىتىنى دولقۇنلىتىۋەتكەنىدى.

## 8 - باب

بەدىنىگە چىپپىدە كىلىدىغان قىپقىزىل يوپكا ـ چاپىنىنى كىيىپ، گىرىم ئۈستىلى ئالدىدا ئۆزىنى بىر قاتار تۈزەشتۈرگەن ماھىرە ئەپچىلگىنە قول سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئىشتىن چىقتى. باھارنىڭ قىز مەڭزىدەك قىزىرىپ چىققان ئەتتىگەنلىك قۇياشى ئادەمنى ھوزۇرلاندۇرسا، يامغۇردىن كېيىنكى ساپ ھاۋا كىشى قەلبىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس ئىللىقلىقلارنى ئاتا قىلاتتى. سائادەتنى، ئۆكىلىرىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولغان ماھىرە يول بويىي بىر قانچە تاكسى توسىغان بولسىمۇ، ھەممىسىدە دىگۈدەك ئادەم بولغاچقا يەنىلا پىيادە مېڭىشقا توغرا كەلدى. ئارىلىق ئانچە يىراق بولمىغاچقا ماھىرە بىردەمدىلا سائادەتنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ قوڭغۇراقنى باستى. ياغلىقنى چىكىلەپ تېڭىپ، ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان سائادەت قوللىرى خېمىر يۇقى ھالدا ئىشكىنى ئاچتى.

ـ ۋاي كىلىڭ، كىلىڭ. ھەقچان سىزنى كەلدى دەپ ئويلىغانتىم. كۆزلىرىمدىن ئۈچۈپلا كەتتىڭىزغۇ. . . . . .

ئىككىسى ئىشكتىلا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىنى باشقىلار كۆرسە «« ئۇزۇن يىل ئايرىلىپ تۇرغان ئانا ـ بالا ئوخشايدۇ »» دەپ قالاتتى.

ـ ئۆنى بىر دىمەڭە ئاچا. سىلەرنى شۇنداق سىغىنىپ كەتتىمكى، قانات چىقىرىپ ئۇچۇپلا كەلگۈم كىلىپ كەتتى. توي قىلمىسام بوپتىكەن دەپ پۇشايمانمۇ قىلدىم تىخى. . .

دىدى ماھىرە سائادەت بىلەن قول تۇتىشىپ كىلىپ سافادا ئولتۇرغاچ.

ـ ۋاي ماۋۇ قىزنىڭ گىپىنى كۆرۈڭ ئەمدى. ئادەم دىگەن قىلغان ئىشغا پۇشايمان قىلمايدىغان.

سائادەتنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ قىلغان سۆزلىرى ماھىرەگە روھىي ئوزۇق بولدى.

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلمەن ئاچا. شۇ سىلەرنى سىغىنىپ كىتىپ. . . . . . . .

ماھىرەنىڭ ئوماققىنە يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. سائادەت ئالدىن تەييارلاپ قويغان داستىخانغا ماھىرەنى تەكلىپ قىلغاچ سۆز باشلىدى.

كونىلار «« كۆيگەن يامانمۇ؟ كۆنگەنمۇ؟ دىسە، كۆنگەن يامان »» دەپ بىكار ئېيتماپتىكەن. سىز بىلەن شۇنداق كۆنۈپ قاپتىكەنمەن. سىز كىتىپ ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە ئۆي ئىچىدە خۇددى سىز باردەكلا ئىسمىڭىزنى چاقىرىپ كىتىپتىمەن.

ـ ئاچا، مۇستاپا كۆرۈنمەيدىغۇ؟

سورىدى ماھىرە چاپىنىنى سىلىپ ئاسقۇغا ئېسىۋاتقاچ. ئۇنىڭ بۇ بىر ھەپتىدىن بىرى زارىقىپ كۈتكىنىمۇ پەقەت سائادەتلا بولماستىن بەلكى ئوماق ئۇكىسى مۇستاپامۇ بار ئىدى.

ـ مىرادىل، مۇراتلار كەپتىكەن. ئوينىتىپ ئەكىرىمىز دەپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. كىرىدىغان ۋاقتىمۇ بولاي دىدى.

ـ ئۇلار قاچان كەپتىكەن؟

ـ ئەتىگەندە مۇ ستاپاغا سۈت پارا شۇكى تەڭ شەۋاتسام ئە شىك قوڭغۇرىقى جىرىڭلىدى. مەن تېخى ئالىم ئەتتىگەندە ئىشــقا مېڭىشــتىن بۇرۇن ســىزنى ئەكىلىپ قويغاچ ئىككســى بىللە كەلگەن ئوخشــايدۇ دەپ ئىشــكنى ئېچىپ قارىســام باللار ئىكەن. ناشــتا قىلىۋىلىپ مۇســتاپانى ئېلىپ چىقىپ كەتكەن. كىرىدىغان ۋاقتىمۇ بولۇپ قالدى.

سائادەت يۇغۇرىۋاتقان خىمىرنى داس بىلەنلا كۆتۈرۈپ چىقىرىپ، ئۈستەل ئۈستىدە قويۇپ ماھىرە بىلەن پاراڭلاشقاچ تاماققا تەييارلىق قىلدى.

ـ ئاچا، بىر گەپ قىلسام خاپا بولارسىزمۇ؟

ـ ئاۋال ئېيتىپ باقمامســـىز. قارىڭە ســـىزنى، ئايرىلغىلى ھەپتە بولار ـ بولمايلا تۇزۇت قىلىدىغان بولۇپ كېتىپسىزغۇ.

ماھىرەنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، چوڭ كۆزلىرى جىددىي تۈس ئالدى.

ـ بۇ ئىش ســىزنىڭ قولىڭىزدىن كىلىدۇ، پەقەت ســىز ماقۇل دىســىڭىزلا. ـ ئۇ ســائادەتنىڭ ئۆزىگە ھەيران بولۇپ قــارىغــان كۆزلىرىگە مەنىلىــك قــاراپ قويۇپ دۇدۇقلاپ تۇرۇپ ســـۆزىنى داۋام قىلــدى، ـ مەن......مەن.....ھازىرچە تۇغماي تۇراي دىگەن. سىز تۇغۇت دوختۇرى بولغاندىكىن........

ـ نىمە؟!

سائادەتنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك پۈلتىيىپ چىقتى .

ـ توي كۈنى كۆپ كىشــىلەرنىڭ ئىغىزىدىن ئاڭلىدىم. ئۇياندىن توي قىلىپ، بۇياندىن قورســاق كۆتۈرۈپ تۇغسام، كىيىن ئاجرىشىپ كېتىپ قالساق........

ـ نىمە دىدىڭىز؟ كىم ئۆگەتتى سىزگە شۇنداق گەپلەرنى؟ كىم سىلەرنى ئاجرىشىدۇ دەيدۇ؟

ساﺋادەتنىڭ ﺋاچچىق بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلىرىدە نۇرغۇن سوئاللارنىڭ كۆلەڭگىسى ئەلەڭلەيتتى. ئۇ ئۆزى تۇغماس بولۇپ قالغاندىن كېيىن، دوختۇرخانىغا « تۇغۇت چەكلەش دورىسى » ئىلىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەرگىمۇ باشقىچە نەزەردە قارايتتى. ئۇنداق كىشىلەردىن « ئىنسانىي مېھىر ـ مۇھەببەت ھۆجەيرىسى ئۆلگەن، كۆيۈمى يوق » دەپ ئاغرىناتتى. ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، نەچچە ۋاقتتىن بىرى ئانا ـ بالىدەك ئۆتۈپ، ئەمدى بولغاندا « تۇغۇت چەكلەش دورىسى يەي » دەپ ئۆز ئالدىغا كەلگەن بۇ قىزغا ئاچچىقلانماي، غەزەپلەنمەي تۇرالايتتىمۇ.

ـ شۇ......مەنمۇ باشقىلاردىن ئاڭلىدىم.

ماھىرەنىڭ چوڭ كۆزلىرىگە ياش كەلدى. ساﺋادەت ئويلاشماستىنلا ئۇنىڭغا ئازار بېرىپ قويغانلىقىنى ھىس قىلىپ ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى،دە ـ بېشىنى قۇچىقىغا ئىلىپ مېھىر بىلەن سىلىدى.

ـ خاپا بولماڭ. سىزگە ئازار بېرىپ قويدۇم. لېكىن مەن ئۆز بەشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى دەپ بەرسەم، سىز بىر قېتىم تۇغماي تۇرۇپ بۇ دورىنى يېيىشنى ئارزۇ قىلمايتتىڭىز.

ساﺋادەت ئائىلىسىدە بىرلا قىز بولغانلىق سەۋەبلىك ئەڭ ئەتىۋارلىق ئىدى. ئاتا ـ ئانىسى ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىلمىي، ساپالىق ئادەملەر ئىدى. ساﺋادەتنىڭ ئوقۇش نەتىجىسىمۇ ئۇلارنى ئالاھىدە خۇشال قىلاتتى. ساﺋادەت ئۆز ئارزۇسى بويىچە دوختۇرلۇقتا ئوقۇپ كىلىپ ئىشقا چۈشتى. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندە ئايىغى ئۈزۈلمەي كىلىۋاتقان ئەلچىلەرگە قانداق جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي بەشى قاتقان كۆيۈمچان ئانا ئۇنى بىر ياقىغا تارتىپ گەپ باشلىدى.

ـ قىزىم، سىزمۇ چوڭ بولۇپ ئاق ـ قارىنى پەرق ئەتكۈدەك بولۇپ قالدىڭىز. بىر يىلدىن بىرى ئىشىكىمىزدىن ئەلچىلەر ئۈزۈلمەي كىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە دادىڭىز ئىككىمىزگە بىر يەرنىڭ لايىقى ياراپ قالدى. شۇڭا سىزگە مەسلىھەت سىلىپ باقاي دىگەن.

ـ مەن خىزمەتكە ئەمدى چىقتىم. كەسپتە بىرەر نەتىجە قازانماي تۇرۇپ توي قىلغۇم يوق.

ساﺋادەتنىڭ دىلىغۇللىقى ئانىسنى خاپا قىلىپ قويدى.

ـ ھىلىمۇ تەڭتۇشلىرىڭىزنىڭ ئالدىدىن ئىككىدىن بالىسى بار. سىز ئوقۇپ كىلىپ خىزمەتكە ئورۇنلاشتىڭىز. لېكىن مەھەللىدە كەينىڭىزدىن بولىۋاتقان ئۆسەك سۆزلەر سىزنىڭ قۇلىقىڭىزغا كىرمىگىنى بىلەن، دادىڭىز ئىككىمىزنى كىچە تاتلىق ئۇيقۇدىن، كۈندۈز ئارامخۇدا ئىشلەۋاتقان خىزمەتتىن قويدى. ئەمدى سىزمۇ كىچىك بالىدەك تەنتەكلىك قىلماڭ. يا بولمىسا يۈرۈۋاتقان لايىقىڭىز بولسا بىزگە كۆرسىتىڭ. بولمىسا دادىڭىزنىڭ دوستى ھىكىم چاڭجاڭنىڭ ئوغلى ھىزىمغا ياتلىق بولىسىز.

سائادەتنىڭ كۆز ئالدىغا يۈز ـ كۆزلىرى قاپقارا ماي يۇقى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان ھېزىم كەلدى. ئۇلار كىچىكىدىن مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان. ھېزىمنىڭ ئوقۇش نەتىجىسى ياخشى بولمىغاچقا، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي، پىراۋا ئېلىپ ماشىنا ھەيدەۋاتقىنىغىمۇ 2 ـ 3 يىل بولۇپ قالغانىدى. سائادەت بۇ بىر يىلدىن بىرى ھېزىمنىڭ ئۆزىنى كۆرۈشلىش ئۈچۈن، كۈندە كەچتە ئۆتەر يولدا ساقلايدىغانلىقىدىن ئەسلا خەۋىرى يوق ئىدى.

ـ مەن سىلەرنى خىلى ئىلمىي، ئىش ئۇقىدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن ئانا. بوپتۇ، سىلەر شۇنى لايىق كۆرگەن بولساڭلار مەن نىممۇ دېيەلەيتتىم!

سائادەت يىغلاپ قاقشاپ ئاخىرى ئامالسىز توي قىلدى. گەرچە ئۇ نامدا توي قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېزىمغا پەقەتلا كۆڭلى يوق ئىدى. ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا « مەن ئەرسىز قىلىپ سىزگە تەگمىگەن. مېنى ئالمەن دەپ ئىشكىمنىڭ بوسوغىسىغا تازىم قىلغۇدەك بوپتىكەنسىزغۇ » دەپ ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇراتتى. ئۇنىڭغا كۆڭلى بولمىغاچقا، ئانىسىنىڭ خەۋىرى يوقلا تۇغۇت چەكلەش دورىسى يەپ يۈردى. « بىر كۈنلۈك نىكاھنىڭ يۈز كۈنلۈك مېھرى بار، نىكاھنىڭ مېھرى ئەمسىق » دەپ سائادەتنىڭمۇ ھېزىمغا كۆڭلى چۈشۈپ قالدى. ئۇلار باشقىلارنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولسىمۇ، لېكىن سائادەتنىڭ قورساق كۆتۈرمىگەنلىكى ھېزىمغا ئېغىر روھىي بېسىم پەيدا قىلدى. ئۇ ئۆزىدىن گۇمانلىنىپ تەكشۈرتكەندىن كېيىن، گۇمانى بىردىنلا سائادەتكە يۆتكەلدى. سائادەتنى بىللە ئاپىرىپ تەكشۈرتىۋىدى، نەتىجىسنى ئاڭلاپ كېيىنگە تىرىكىدە ئۈچۈپ چۈشكىلى تاسلا قالدى. لېكىن پەرزەنت سەۋەبلىك، سائادەتنىڭ ئۆزىگە مايىل بولغان قەلبىگە سوغۇق سۇ سەپكەنسى كەلمىگەن ھېزىم سەۋر قىلدى. ئۇ رىئاللىقنى قوبۇل قىلىپ، ئىككىنچى قېتىم سائادەت بىلەن پەرزەنت توغۇرلۇق پاراڭلاشمىدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى شۇ تەرىقىدە ئۆتىۋەردى. يىللار كەينى ـ كەينىدىن ئۆتۈپ، سائادەت ئوتتۇرا ياشلىقلار قاتارىدىن ئورۇن ئالغاندا، ئۇخلىسا ـ قوپسا بىر پەرزەنتلىك بولۇشنى تىلەپ يۈردى. لېكىن قېرىشقاندەك ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇنى ئالداپ قويىۋاتاتتى. پەرزەنتلىك بولۇش ئارزۇسىنى شامالغا ئۇچۇرغان توزغاقتەك، قەيەرلەرگىدۇر ئۇچۇرتۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇ ۋاقىتتا ئويلىمىغان بىر كىلىشمەسلىك سائادەتنى تۇگەشتۈرىۋەتتى. ھېزىم ماشىنىغا يۈك بېسىپ يولدا كېتىۋاتقىنىدا يەنە بىر چوڭ تېپتىكى يۈك ماشىنىسى بىلەن سوقۇشۇپ كېتىپ شۇ يەردىلا قازا قىلدى. سائادەت بۇ كىلىشمەسلىككە قانداق بەردا شلىق بېرەرنى بىلمەيتتى. ئەلەڭ ـ سەلەڭ بولۇپ قالغان سائادەت شۇ ۋاقىتتىلا پەرزەنتنىڭ ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھس قىلىپ يەتتى. لېكىن ئۇ ئۆز ۋاقتىدا قىلىپ قويغان ئەخمەقانىلىقىنى ئويلىسىلا ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يىگۈدەك بولۇپ كېتەتتى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندە ئۇ ياشتا چوڭ بىر دوختۇر ئايالنىڭ « قىزلار توي قىلىپ بىرنى تۇغماي تۇرۇپ، تۇغۇت چەكلەش دورىسى يەسە تۇغماس بولۇپ قالىدۇ » دىگىنىنى ئاڭلاپ تىخىمۇ ئازابلاندى. ئاتا ـ ئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئازابىغا ھەمشرىك ئىدى. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشىكىگە ئەلچى بولۇپ كەلگەنلەرمۇ چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ تىنىچ، تەنھا ياشىغۇسى كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئاكىلىرىنىڭ ياردىمىدە دوختۇرخانىدىن بىرىلگەن مۇنۇ ئۆيگە كۆچۈپ كەلدى. تۇرمۇش شارائىتى ئۆزگەرگەنلىكتىن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ دەرد ـ ھەسرەتلىرى ھاۋانى

قاپلىۋالغان تۇماندەك بارا ـ بارا يوقىلىشقا باشلىدى. ئۆتكەن يىلى ئۆزىنىڭ قولىدىكى سىستىرا قىزنىڭ «سائادەت ئاچا، سىز بايا تۇغدۇرغان ئايال بىمارنىڭ بۇ بالىسى پىلاندىن سىرت ئىكەن» دىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىچىگە يەنە بىر ئوت چۈشتى. مۇ ستاپانىڭ چىرايلىقلىقى ئۇنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. شۇنىڭ بىلەن سائادەت ئىزدەشتۇرۇپ يۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئۆيىگىچە باردى. لىكىن گۈلسەنەمنىڭ ھىڭدىن سىسىق گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى خۇن قىلىۋەتتى. سائادەت سەۋر بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈشكە باشلىدى. لىكىن ئويلىمىغان يەردىن سادىق بالىنى سائادەتكە ئەكىلىپ بەردى.

سائادەتنىڭ تە سىرلىك ھېكايىسىنى ئاڭلىغان ماھىرە مەڭزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك تۆكۈلىۋاتقان كۆز ياشلىرىنى پەقەتلا تۇتالمىدى.

ـ مىنىڭ ئانام نىمدىگەن شەخسىيەتچى. ھە شەمەتچىلىك، ياخشى يەپ، ياخشى كىيىش ئۈچۈن ئۆكامنى قۇربان قىلغىنى ئاز كەلگەندەك، دادامنىڭ ئوغرى دىگەن نامغا قىلىپ، ئائىلىمىزنىڭ ۋەيران بولىشىغا سەۋەپچى بولدى. ئاچا، مەن ئانامنى كەچۈرمەيمەن.......

سائادەت بىلەن ماھىرە بىر ـ بىرىگە ئىسىلىپ خىلى ئۇزاققىچە يىغلاشتى. چۈشكە يىقىن مۇ ستاپانى ئوينىتىپ كىرگەن باللارنى ئىلىپ تۇنسەخان ئاچىنى يوقلاپ كىلىش ئۈچۈن ماڭدى. ماھىرەنىڭ كۆڭلىدىكى چىگىش ئويلار سائادەتنىڭ گەپلىرى بىلەن بىر يولىلا يىشىلىپ كەتكەندەك، ئۇنىڭ كۆڭلى ئىچىلىپلا قالغانىدى.

# قەرزدار سۆيگۈ

## 9 ـ باب

كەچكۈزنىڭ شىۋىرغانلىق بورانلىرى سىرتتا ئىملەرنىدۇر سۇندۇرۇپ، ئۆرۈۋىتىپ يەنە ئالللىقاياقلارغا كىتەتتى. سىرتتىن بوراندا ھەر تەرەپكە ئۇرۇلغان نەرسىلەرنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى توختىماي ئاڭلىناتتى. يەنە قاياقتىندۇر كىچىك بالىنىڭ يىغلىغان ئاۋازىغا ئوخشايدىغان مىسكىن، زەئىپ ئاۋاز بىردە كۈچىيىپ، بىردە پەسىيىپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاڭ ئېتىشقا خېلى بار بالدۇر بولسىمۇ، ماھىرە سىرتتىكى تاراق ـ تۇرۇق ئاۋازلاردىن ئۇخلىيالماي ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ يېتىپ بېقىپ، ئاخىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئالىمنىڭ يوتقان سىرتىدا تۇرغان قولىنى يوتقاننىڭ ئىچىگە ئېلىپ، قايتىلاپ يۆگەپ قويغاندىن كىيىن، مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ تام سائىتىگە قارىدى. ‹‹ تېخى بالدۇر ئىكەنغۇ. يەنە بىردەم ئۇخلىۋالايمۇ يە ؟! .......خان ئانام تاڭ سەھەردە ئۇخلىغان ئادەمنى غەپلەت باسىدۇ دەيتتى. ئەڭ ياخشىسى ئويغانغان ئىكەنمەن ئۇخلىماي....... ›› ماھىرە شۇ خىياللار بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرىشىغا قورسىقىدىكى بوۋىقى تۇنجى قېتىم قاتتىق تېپىچەكلىۋەتتى. شۇئان ماھىرەنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە ئىللىق بىر سىزىم شۇرۇردە تارىدى. ئۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم ئانا بولۇشىنى ھىس قىلىشى ھەمدە پەخىرلىنىشى ئىدى. ‹‹ ئانا بولۇش نېمانداق بەخت ھە ! ئانامۇ تۇنجى قېتىم مىنىڭ مىدىرلىشىم بىلەن قانچىلىك پەخىرلەنگەن بولغىيتى؟ بۇنداق ھاياجاننى پەقەت ئانا بولغۇچىلا ھىس قىلالىشى مۇمكىن ›› ماھىرە قەلبىنى لەرزىگە سىلىۋاتقان بىر ھاياجاننىڭ تۈرتكىسىدە ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئالىمنى ئويغاتتى ـ :

ـ دادىسى، ئورنىڭىزدىن تۇرىڭە..

ـ ۋايجان، بىردەم ئۇخلىۋالايچۇ. ئوماق خوتۇن ماقۇل دەڭە...

ـ ياق، بالىڭىزنىڭ مىدىرلىغان ھالىتىنى كۆرگىڭىز يوقما؟ ئۇنداق بولسا ئۇخلاۋېرىڭ...

ماھىرە ئالىمنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ دىگۈدەك سۆزلەپ بولغاندىن كىيىن دەرھاللا مېھمانخانا ئۆيگە قاراپ قاچتى. ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرغان ئالىممۇ ئىككى تاقلاپلا ماھىرەنى تۇتىۋالدى.

ـ ھە، يەنە قىچىڭە تومۇچۇق. نەگە قاچىسىزكىن قىنى كۆرۈپ باقاي.

ـ كەچۈرسلە مەن ئەيپلىك، ئەمدى قاچماي بولامدۇ؟

ماھىرەنىڭ قۇش بالىســــدەك بىچارە، غەمكىن ھالىتى ئالىمنىڭ قاقاقلاپ كۈلىشـــگە ســـەۋەپچى بولدى. ماھىرەمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ قورسىقىنى سىيلىغاچ ـ :

ـ قاراڭ. بايا بالىمىز مىنى بەك قاتتىق تېپىۋەتتى .

ـ ئۇنىڭ بۇ يورۇق ئالەمگە تىزراق چىققۇسـى كىلىپ كەتكەن ئوخشـايدۇ. ـ ئالىم شـۇنداق دەپ ماھىرەنى ئولتۇرغۇزۇپ قورســـىقىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىقىن ئىلىپ كەلدى ـ بالىمىز ‹‹ ئانا، ســـەن نېمانداق ئەســكى. بىردەمدىلا مىنى دادامغا چىقىشـتۇرۇپ بولدۇڭغۇ. مەن تۇغۇلغاندىن كىيىن ســەن بىلەن ھىسـاپلىشــمەن ›› دەۋاتىدۇ.....

ـ ئۆتەپ بىرىڭە ۋاي.....

ماھىرە يالغاندىن تېرىككەن بىر قىياپەتتە ئالىمغا كەيىننى قىلىپ ئولتۇرىۋالدى. ئالىم چاقچاقنى تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقاردى.

ـ بالام، قارا ئاناڭ بىزگە قىيداۋاتىدۇ. لىكىن كارىڭ بولمىسۇن. سەن ھەرگىز ئۇنىڭغا بوزەك بولما بولامدۇ؟

ـ بالام، ئەڭ ياخشىسى ئاناڭنىڭ گىپىنى ئاڭلا. بولمىسا ئۇ ساڭا تاماق بەرمەي، سىنى ئاچ قويۇپ قىينايدۇ ئاڭلىدىڭمۇ؟

ئالىم ماھىرەنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلا ئۇنى تېخىمۇ تىرىكتۈرۈشكە باشلىدى.

ـ قارا بالام، ئاناڭ بەكلا بىشەم، ھازازۇل. سەن تېخى تۇغۇلماي تۇرۇپلا سىنى ئاچ قويىمەن دەۋاتىدۇ.

ماھىرەمۇ قورسىقىنى سىلاپ تۇرۇپ، بالىسىنى پەپلەشكە باشلىدى.

ـ بالام، سەن ئۈچۈن بارلىقىم پىدا. داداڭ سىنى ھۆل قىشقا دەسسىتىۋاتىدۇ. سەن ھەرگىز ئۇنىڭ دىگىنىدەك قىلما جۇمۇ!

ـ ھاھاھا.........بولدى بولدى، ســـىزگە يىڭىلدىم. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. ناشـــتىلىق تەييار قىلىڭ. مەن ئىشقا كىچىكىپ قالماي يەنە.

ئالىم شــۇنداق دەپ ماھىرەنىڭ بۇرنىنى يەڭگىل چىمدىپ قويغاندىن كىيىن، كىيىم ئالماشــتۇرۇش ئۈچۈن ياتاق ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

ئۆلار يەنە شـــۈنداق كۆلكە ـ چاقچاقلار بىلەن ناشـــتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ماھىرە ئالىمنىڭ چاپىنىنى كەيگۈزگەچ سورىدى ـ :

ـ بۈگۈن ئانام بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەيمىكىن. كېچىدىن چۈشۈمگە كىرىپ قاپتۇ.

ـ بولىدۇ، بېرىپ كېلىڭ. ھېلىمۇ نەچچە ۋاقىت بولدى كۆرۈشـمىگىلى. بۈگۈن ئىشـلىمىگەن بولسـام بىللە باراتتىم.

ئالىمنىڭ ســـەممىيلىك يىغىپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىدىكى ســـەممىيەت نۇرلىرى ماھىرەگە ئىللىقلىق ئاتا قىلدى.

ـ بىرەر كۈن سىز دەم ئالغان كۈنى پۇرسەت چىقىرىپ بىللە بېرىپ كېلەرمىز.

ـ ئەمسە يولدا ئېھتىيات قىلىڭ خوتۇن. مەن كەتتىم.

ـ سىزمۇ ئېھتىيات قىلىڭ......

ماھىرە ئاشخانا ئۆينى يىغىشتۇرۇپ ياتاق ئۆيگە كىرىپ بىردەم كىتاب كۆرگەندىن كېيىن كىيىملىرىنى كىيىپ ســـرتقا چىقتى. كېچىدىن چىققان شـــۇرغانلىق بوران ھەممە يەرنى تونۇغۇســـىز ھالەتتە ئۆزگەرتىۋەتكەندى. ھىلىھەم چىقىۋاتقان قاتتىق شامالنىڭ تەسىرىدە ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرگەن سۇلياۋ خالتىلار ھىلىدىن ـ ھىلىغا ئۇچراپ تۇراتتى. ماھىرە چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا قولىنى ســـلىپ ماشـــىنا توســـۇپ خېلى ئۇزاق تۇردى. ئالاھەزەل **15** مىنۇتلاردىن كېيىن بىر ماشىنا ئۇنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بولۇپ كەينىگە قايتىپ كەلدى.

ـ ماھىرە، قىنى چىقىڭ.

ماشـىنا ئەينىكىنىڭ ئېچىلىشـى بىلەن ماھىرە ماشـىنىدا ئولتۇرغان ئابباسـنى كۆرۈپ ئۈن ـ تىنسـىز ماشـىنغا چىقتى .

ـ تىنشـــلىق تۇردىڭىزمۇ؟ ۋوي...بويىڭىزدا باردەك قىلامدۇ نىمە؟ ياكى كۈيئوغۇل ســـىزنى بەك بېقىپ سەمرىتىۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟

ئابباس ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ ئولتۇراتتى .

ـ ھەئە، بويۇمدا بار ‹‹ئاكا.‹‹

ئابباس ماھىرەدىن ئۇنى ـ بۇنى ســـوراپ بىردەمدىلا ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇلار لىغىتتىن بىللە چىقىپ ئۆيگە بىللىلا كىرگەندە، ھەيرانلىقتىن كۆزى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولغان گۈلســـەنەم كۆزلىرىگە ئىشەنمەيلا قالدى.

ـ ۋۇي، سىلەر ئىككىڭلار قانداق بولۇپ بىللە كېلىپ قالدىڭلار؟

ـ مېھماندىن تىشــلىقمۇ ســورىماســتىن ســۇئال ســوراپ كەتكىنىڭىزنى قاراڭ. ھە ماھىرە، قىنى ئىچكىرىگە مەرھەمەت.

ماھىرە بىلەن گۈلسەنەمنىڭ كۆزلىرى ئۇچراشتى، لېكىن ئۇلار چاندۇرمايلا داستىخانغا كېلىشتى.

ـ تىشلىق تۇردىڭىزمۇ (( ئاچا )). ئەسلى نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كەلمەكچى ئىدىم. لېكىن سىزنىكىم قاتتىق بولۇپ قېلىپ. . .

ـ بويىڭىزدا بار ئىكەندە.

گۈلسەنەمنىڭ ئۆڭسۆلى ئۆچۈپ، تىلى گەپكىمۇ كەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئابباسنى كۆزىدە ئىشارەت قىلىپ ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرگەندىن كېيىن ئۇنى گۆش ئېلىپ كىرىشــكە بۇيرۇپ ئىشــكتىن چىقىرىۋېتىپ، ئىشــكنى ئىچىدىن چىڭگىدە تاقىۋەتتى.

ئادەمنى ئىچىنى سىققۇدەك دەرىجىدە جىمجىتلىق، بىر ـ بىرىگە ئۈچ ئاداۋىتى بار ئادەمدەك سىرلىق قارا شلار گۈلسەنەمنى ئالدىن ئېغىز ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى.

ـ مەن ئەسكى قىزىم. مېنى قانغۇچە تىللىۋېلىڭ.

ـ ياق ((ئاچا)). ســىزنى تىللاپ ئىچىمنى يەنە ئاچچىق قىلغۇم يوق. پەقەت كېچىدىن چۈشــۈمگە كىرىپ قاپتىكەنسىز. سىزدىن ئەنسىرەپ كۆرگىلى كېلىشىم.

ـ ئۆتۈنۈپ قالاي قىزىم. سىزمۇ بۇنداق دەپ مېنىڭ يۈرىكىمنى زەردە قىلماڭ بولامدۇ؟

گۈلســـــەنەم ئۆزىنى تۇتالماي ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ماھىرەنىڭ نەپرەتلىنىشـــــكىمۇ، ئىچ ئاغرىتىشـــــقىمۇ ئوخشمايدىغان ئارلاشما نۇرلارغا قاراشقا بەرداشلىق بىرەلمىگەندى.

ـ سىلەر ھەممىڭلار مېنى ۋاپاسىز، باغرى تاش دەپ تىللىغان بولۇشۇڭلار، مەندىن نەپرەتلەنگەن بولۇشۇڭلار مۇمكىن. لېكىن داداڭلار بىلەن ئارىمىزدا نىكاھ مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

ماھىرەنىڭ جامدەك ئىچىلغان كۆزلىرىگە قاراپ گۈلسەنەم تېخىمۇ جانلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى.

- سىز ئۈچ يا شقا كىرگەن ۋاقتىلار ئىدى. بىر كۈنى بىر دۆۋە كىر يۇيىۋاتسام، دادىڭىز ئىشتىن كىرىپلا «« تاماق ئەت »» دىدى. «« كىر يۇيىۋاتقىنىمنى كۆرمىدىڭىزمۇ؟ بىرەر ۋاخ نان يەپ تۇرۇڭ »» دىيىشىمگىلا ئورنىدىن تۇرۇپ قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. مەنمۇ ياقىسىغا ئىسىلدىم. ئاغزىمغا كەلگەن تىللار بىلەن تىللىدىم. ئاخىرىدا «« تالاق، مىڭ تالاق، يۈزمىڭ تالاق »» دەپ ئېغىزىدىن گەپ چىقىرىۋەتتى. مەن ئانامنىڭ ئۆيىگە ماڭسام، دادىڭىزنىڭ ئاتا-ئانىسى تۇتىۋالدى. بىر كىچە چوڭلار بىلەن بىللە ياتتىم. ئەتىسى ئۇلار يولدىن قېرىدىغان بىر ئوتۇنچى كىشىنى ئەكىرىپ مەن بىلەن نىكاھلا ندۇردى. ھەممەيلەن يىرىم سائەت بىللە ئولتۇرغاندىن كىيىن، چوڭلار ئۇ كىشىگە ئازراق پۇل بىرىپ كەتكۈزىۋەتىپ دادىڭىز بىلەن بىزنى يەنە قايتىدىن نىكاھلاندۇرۇپ قويدى. ئارىدىن نۇرغۇن يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئۇكىلىرىڭىز بىر-بىرلەپ تۇغۇلدى. دادىڭىز مەن ئۈچۈن، بىزنىڭ ئائىلىمىز ئۈچۈن شەرمەندە ئىشتىن بىزنى قىلىپ تۇرمىگە كىرىپ قالغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، يەنى سىزنىڭ ئاكىڭىز ئابباس بىزنىڭ ئۆيگە مېھمان بولۇپ بارىدىغان بولغان كۈنى مەن سىلەرنى كەتكۈزىۋەتىپ ئابباس ئاكىڭىزغا تېلفۇن ئۇردۇم. ئۇ ۋاقىتتا مەنمۇ قورقۇپ پۇت-قولۇمدا جان قالمىغانىدى. - گۈلسەنەم ماھىرەنىڭ چىرايىغا لاپپىدە قاراپ قويۇپ يەنە گىپىنى داۋام قىلدى - ئۇ مىنى ئۇدۇللا ئۆيىگە ئىلىپ باردى. ئاندىن ماڭا خىلى بۇرۇنلا كۆڭلى چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىيتتى. ئېرىم بارلىقىنى، باللىرىم بارلىقىنى ئىيتتىم. 40 ياشتىن ئاشقانلىقىمنى، بۇ ياشقا كەلگەندە ئۇنداق قىلسام بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كىلىش ئۈچۈن ئورنۇمدىن تۇرۇشۇمغا ئۇ كاپپىدە قىلىپ بىلىكىمنى تۇتىۋالدى. «‹يىشىڭىزنى يالغان ئىيتىۋاتىسىز. ئېرىڭىز بولغان بىلەن ئۇ تۈرمىگە كىرىپ كىتىپتىغۇ. ئىشقىلىپ سىزنى ئالغىنىم ئالغان›» دەپ چىڭ تۇرىۋالدى. بىر كۈنى ئولتۇرۇپ شۇ ۋاقىتتا بولغان ئىشلارنى دەپ سالپتىمەن. «« ئېرىڭىز تالاق قىلىۋەتسىمۇ يەنە نىكاھ بار دەپ يۈرەمسىز »» دەپ چىڭ تۇرىۋالدى. ھېلىقى ۋاقىتتا سىز بارغان ئۆينى ئۇ مىكىبىر جاپادا سىتىۋاپتىكەن. مىنى كۆنەلمەي قالىدۇ دەپ مۇشۇ ئۆينى ئالدى. مىنى خۇشال بولسۇن دەپ مانا مۇشۇنداق چىرايلىق بىزەپ بەردى. بىر نەچچە قېتىم ئۆيگە قارىم چاقىرتىپ سورىدۇق. ئۇلارمۇ داداڭلار بىلەن ئارىمىزدا نىكاھ مۇناسىۋىتىنىڭ ئالللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بولغانلىقىنى، ھېلىقى بىر ۋاقىتتا مىنى نىكاھ قىلدۇرۇپ قويغان ئادەمگە مەقسەتلىك نىكاھ قىلدۇرغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نىكاھنىڭ كۈچكە ئىگە ئەمەسلىكىنى ئىيتتى. شۇنىڭدىن كىيىن مەنمۇ خاتىرجەم بولدۇم.

ماھىرە گۈلسەنەمنىڭ يىغلاپ تۇرغان كۆزلىرى ئاستىدىكى ئالدىن پىلانلانغان يالغانچىلىقنى ئاشكارە كۆرگەن بولسىمۇ، ئابباسنىڭ گۈلسەنەمگە بولغان **سۆيگۈ**سىگە كۆز يۇمالمايتتى. گەرچە ئانىسى نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلغان بولسىمۇ، لىكىن بۇ ئىشلار ئابباسقا قاراڭغۇ ئىكەنلىكى ماھىرەگە ئايان ئىدى .

- ئەجىبا مىنى قىزىم دىيەلمىدىڭىزغۇ ئانا؟ قاراپ تۇرۇپ ئۆز باغرىنى يىرىپ چىققان بىر نارە سىدىنى سىڭلىم دىيىشكە يۈرىكىڭىز قانداقمۇ چىدىدى؟ سىز مىنى سىڭلىم دەۋاتقاندا بىرەر قېتىم يۈزىڭىز چىملداپ باقتىمۇ؟

يۈرىكىڭىز ئاغرىپ باقتىمۇ؟ سىز دادامنى، ئابباس ئاكامنى ئالدىدىڭىز. سىز دادامغا ۋىجدان قەرزى، ئابباس ئاكامغا **سۆيگۈ** قەرزى بولدىڭىز ئانا. سىزنى يەنە ئانا دېيىشكە قانداقمۇ تىلىم بارسۇن!

ماھىرە گۈلسەنەمنىڭ قانچە توسۇشلىرىغا قارىماستىن، يىغلىغان پېتى ئۆيدىن قايتىپ چىقتى. پۈتۈن دۇنيانى ئۇنتۇپ يىغلاپ كىتىۋاتقان ماھىرە، يولدىن ئۆتۈپ كىتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە قاراۋاتقانلىقىنىمۇ سەزمەيۋاتاتتى.

## 10 ـ باب

بىر ھەپتىدىن بىرى كۆڭلى قەلەندەرنىڭ خورجۇنىدەك قۇپقۇرۇق بولۇپ كەتكەن گۈلسەنەم نىمىگىدۇر ھەسرەتلىنەتتى. كىچىچە ئۇيان ـ بۇيان ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي، ئاھ ئۇراتتى، تولغىناتتى. ئىچى ئاچچىق بولاتتى. ماھىرەنىڭ دىگەن گەپلىرىنى ئويلىسا، يۈرىكىگە كۆرۈنمەس بىر پىچاق غاسسىدە سانچىلغاندەك بولۇپ، بىئارام بولاتتى. ئۇ گەرچە ھازىرقى تۇرمۇشىدىن شۇ قەدەر رازى بولسىمۇ، لىكىن كۆڭلىنىڭ بىر يەرلىرى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولاتتى. ئېغىر ئۇھسىنەتتى. قەلبى بىر نەرسىگە تەلپۈنسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي يۈرىكى ئامبۇردا قىسىلغاندەك موجۇلاتتى. كۆن بويى باھار ئاپتىپىدا ئېچىلغان مەغىز گۈلدەك كۈلۈپلا تۇرىدىغان خۇشخۇي چىرايىنى، مانا ئەمدى ئېغىر غەم ـ قايغۇ تۇمانلىرى قاپلىغان ئىدى .

گۈلسەنەم ئەتتىگەندىلا روھسىز، جانسىز ھالدا ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ پۈتلىرى توگمەن تېشى ئىسىپ قويغاندەك ئېغىر ئىدى. گۈلسەنەم ئاخشام لەغمەن ئېتىپ ئىششىپ قالغان سەي، پىلتىلار بىلەن بىردەمدىلا ئىككى كىشىلىك لەغمەن تەييار قىلىپ، ئۈستەل ئۈستىگە ئىلىپ چىقتى. گۈلسەنەمنىڭ لەغمەن سىلىۋاتقىنىنى بىلگەن ئاباسمۇ ئالدىنئالا ئۈستەلگە كىلىپ ئورۇن ئىلىپ بولغانىدى. ئىككىسى بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ تاماق يىيىشۋاتقاندا، ئاباس ھېچ كۈتۈلمىگەن بىر ئېغىز گەپنى قىلىپ تاشلىدى ـ :

ـ ھەتتىگىنەي، بىر بالىمىز بولغان بولسا، مۇشۇ ئۈستەلمۇ چۆلدەرەپ قالماس ئىدى....

گۈلسەنەمنىڭ چوكا تۇتقان قوللىرى بىلىنەرلىك تىترەپ، يۈرىكى ئاغدى. مۇشۇ بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئۇنىڭ چىرايى بىردەمدىلا تامدەك تاتىرىپ كەتتى. گەرچە گۈلسەنەم چاندۇرماسلىققا تىرىشقان بولسىمۇ، لىكىن ئاباسقا گەپ قىلغاندا دەز كەتكەن چىنىدەك تىترىگەن ئاۋازى ئۇنىڭ كەيپىياتىنىڭ بىردەمدىلا ئۆزگىرىپ بولغانلىقىنى چاندۇرۇپ قويىۋاتاتتى.

ـ نەدە چۆلدەرەپ قالدۇ. يا بىزمۇ يالغۇز بولمىساق......

تاماق ئىچىش ســـۈكۈنات ئىچىدە يېيىلدى. تاماقتىن كېيىن ئابباس چاپىنىنى كىيىپ چىقىپ كەتتى. ئۆيدە گۈلسەنەم يالغۇز قالدى.

›› ئابباس تۈنۈگۈنكـــىدەك بالىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قالدىغۇ. ناۋادا ئۇ مېنىڭ مۇســـتاپانى تۇغقاندىن كېيىن بوغدۇرىۋەتكەنلىكىمنى بىلسە، قانچىلىك ئازابلىنار؟ ئۇ مەن ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدى. ئەمما مەنچۇ؟ قارىغاندا مەن بەك بولۇمسىز ئوخشايمەن‹‹ .

قاچا ـ قۇچىلارنى يۇغۇ شتۇرۇ شقا قولى بارمىغان گۈلسەنەم ئا شخانا ئۆيگە ئەكىرىپ دا سقا سلىپ قويغاندىن كېيىن مېھمانخانا ئۆيگە چىقىپ ســافاغا يانپاشــلىدى. ئۇ نەچچە كىچە كىرپىك قاقمىغان بولســـىمۇ، كۆزلىرى يەنىلا ئۇيقۇدىن يىراق ئىدى.

›› ماھىرە كەلگەن بولســـىمۇ بوپتىكەن. ئۇ گەرچە مېنى ئىغىزىدا ئەيىپلەپ يۈرگىنى بىلەن كۆڭلىدە ماڭا بۆلەكچىلا ئامراقلىق قىلىدۇ‹‹ .

گۈلسەنەم ئىچىدە خىياللار ئىلكىدە سوزۇلۇپ خېلى ئۇزۇن ياتتى. كۆڭلى بارغانسىرى پەرىشان بولۇپ، ئۇنى ئازاب دېڭىزىغا غەرق قىلىۋاتاتتى. گۈلسەنەمنىڭ كۆڭلى تۈنۈگۈنكىدەك بازارغا بېرىشنى تارتىپ قالدى. ‹‹ بازارغا چىقىپ ئايلىنىپ كىرســەم ياخشــى بولۇپ قالارمەنىيا. ئىشــقىلىپ بۇنداق بۇرۇختۇم بولۇپ ئولتۇرغاندىن مىڭ ياخشى.‹‹

قاپقارا بۇلۇتلار ھېلىلا دەردىنى تۆكۈپ پۈتۈن جاھاننى ئاپئاق قارغا كۆمىۋەتمەكچى بولغاندەك، ئا سمان سەتىھىدە ســاڭگىلاپ تۇرىشــاتتى. گەرچە ھاۋا ســوغۇق، ئەتراپ تۇمان بولســىمۇ، بازار نەچچە كۈندىكىدىن قىززىپ كەتكەن ئىدى. ئالىدىغان ئادەمدىن ســـاتىدىغان ئادەم كۆپ بولۇپ، ھەرخىل ئاۋازلاردا خېرىدار چىللاپ، بازارغا جان كىرگۈزىۋەتكەنىدى. گۈلســـەنەم ئايلىنىپ يۈرۈپ رەڭگى گىلاســـتەك قىپقىزىل تاۋۇزدىن بىر تىلىم يىدى. ‹‹ ئىم، نىمانچە بەتتام ! رەڭگى بولغان بىلەن تەمى يوق ئىكەن ئەمەســمۇ ›› گۈلســـەنەمنىڭ بىر چىرايلىق چىرايى پۈرۈ شۈپ كەتكەن بولسىمۇ، چاندۇرما ستىن تاۋۇزنىڭ پۇلىنى بېرىپ بازارنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى .

ئايالچە كىيىم ـ كېچەك دۇكانلىرى خېرىدارلار بىلەن لىققىدە تولغان بولۇپ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە باھا تالا شقان، ئۆزرە سورا شقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گۈلسەنەم ئايلىنىپ كېتىۋېتىپ سىرتقا چىقىدىغان ئىشكتىلا ئانىسى ۋە ئاكىسى بىلەن دوقۇرىشىپ قىلىپ چۆچۈپ كەتتى. گۈلسەنەم ئاكىسىنىڭ دەرغەزەپ بولۇپ كەتكەن چىرايىغا بىر قارىۋېتىپ ئانىسى بىلەن سالاملا شقاندىن كېيىن، ئاكىسىنىڭ يول با شلىشى بىلەن چاققانغىنە جابدۇلغان بىر ئاشخانىغا كىردى.

ـ سەن ئەر بولمىسا بىر كۈنمۇ ياشىيالمامتىڭ؟

گۈل سەنەمنىڭ ئاكىسى سەمەت ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا گۈل سەنەمگە قوپال تەگدى. ئۇنىڭ سىزمۇ پۇت ـ قوللىرى دىر ـ دىر تىترەپ، قورقۇپ ئولتۇرغان گۈلسەنەمنىڭ ئېغىزى يەر يىلىمدا يەملەپ قويغاندەك مىتمۇ قىلمىدى.

ـ گەپ قىلە هوي، ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن ئەر سارىڭى.....

گۈل سەنەم يەنە سۈكۈت قىلىسا، گەپنىڭ تېخىمۇ سىسىقنى ئاڭلايدىغانلىنى هىس قىلىپ شىۋىرلاپ تۇرۇپ ئېيتتى ـ:

ـ چۈنكى ئۇنىڭ بىلەن ئارىمىزدا نىكاھ مۇناسىۋىتى يوق ئىدى.

ـ بىكار گەپ قىلما! هىلى بىكا.....

سـەمەت بازغاندەك يوغان مۇشـتۇملىرىنى تۈگۈپ ئىختىيارسـىز هالدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئەهۋالنىڭ جىددىيلىكىنى سەزگەن گۈلسەنەم ئانىسىغا ئۆتۈنۈش نەزەرىدە باقتى .

ـ سەمەت، ئولتۇرە بالام. بۇ يەردە نىمە سەتلىشىپ يۈرىيسەن. قارا، هەممە ئادەمگە بىزگە قاراۋاتىدۇ.

تۇنسـەخان سـەمەتنىڭ قولىدىن تارتقۇشـلاپ قايتىدىن ئولتۇرغۇزدى. مۇلازىمەتچى تاماقنى ئىلىپ كەلگەندە سـەمەت گۈلسـەنەمگە خۇددى يەۋىتىدىغاندەك ئالىيىپ قاراپ ئولتۇراتتى. تاماق كۆڭۈلسـىز بىر كەيپىياتتا يېيىلدى. پۇت ـ قولى تېخىچە تىترەپ، قورقۇپ تۇرغان گۈلسـەنەم تاماقنى ئېغىزىغا يىدىمۇ، بۇرنىغا يىدىمۇ بىلمەيۋاتاتتى.

ـ ماڭ، ئۆيگە كىتىمىز. ئۆيگە بېرىپ سـەندىن ئالىدىغان هىسـابىنى بىراقلا ئالىمەن. مېنىڭ ئۆيدە ئانچە تۇرمايدىغانلىقىم ساڭا ياخشى بىر پۇرسەت بوپتۇ دە!

سەمەت يۈك ماشىنىسى هەيدەيدىغان شوپۇر بولۇپ، ئايالى گۈلسۈم ئىككىنى تۇغقاندىن كىيىن ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتكەنىدى.

گۈلسەنەم ماڭغىلى ئۇنىماي تارتىشىپ تۇرىۋالغاچقا، سەمەت ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يېڭىدىن بىرلا تارتىپ يېڭىنى سۆكىۋەتتى. گۈلسەنەم ئەمدى ئۇنىسىز ياش تۆكۈشتىن بىراقلا هۆكرەپ يىغلاشقا ئۆتكەنىدى. ‹‹ قورققان ئاۋۋال مۇش كۆتۈرەر ›› دەپ، گۈلسـەنەم يىغلاش ئارقىلىق ئاكىسـى بىلەن ئانىسـىنى قورقۇتماقچى ياكى ئۇلارنىڭ رەهىم ـ شەپقىتىگە ئېرىشمەكچى بولغانىدى .

ـ بالام، بولدى قىلغىن. هەممە ئادەم بىزگە قارىشىۋاتىدۇ. بىكار يۈزىمىزنى تۆكىۋالمايلى يەنە.

ـ يۈزىمىزنىڭ مۇشۇ پاسكىنا سەۋەبلىك ئاللىقاچان تۆكۈلۈپ بولغانلىقىنى نېمىشقا بىلمەيسىز ئانا.

سەمەت قىياندەك يامراپ كىلىۋاتقان ئاچچىقنى ئاجايىپ زور كۈچ بىلەن بېسىۋېلىپ، سىڭلىسىغا تازا ئالىيىپ قاراپ قويغاندىن كىيىن، ئۈن ـ تىنسىز كىتىپ قالدى. شۇندىلا گۈلسەنەم ئۈستىدىن ئېغىر بىر يۈكنى ئېلىپ تاشلىغاندەك يەڭگىللەپ قالدى. ئانا ـ بالا بىردەم بازار ئايلىنىپ گۈلسەنەمنىڭ باشلىشى بىلەن بىر كاۋاپخانىغا كىردى.

ـ بۇ يەرنىڭ كاۋاپلىرىنىڭ خېلى تەمى بار. بىز ئۆز ۋاقتىدا بەك يەيتتۇق.

ـ ئەلۋەتتە بالام. سىلەرنىڭ ناھىيە تەۋەلىكىدىكى ئەڭ ياخشى نەرسىلەردىن بىلمەيدىغىنىڭلار يوق. چۈنكى سىلەر ھەممە ھەۋەس قىلغۇدەك باي، بەختلىك ئىدىڭلار.

گۈلسەنەم بىشىدىن بىر چىلەك سوغۇق سۇ قۇيۇلغاندەك ئەندىكىپ كەتتى. ئۇ ھېچ بولمىغاندا ئانىسىنى بولسىمۇ بۇنداق زەھەردەك گەپ قىلار دەپ ئويلىمىغانىدى .

ـ نېمە دىسىڭىز مەيلى ئانا. مەن سىلەرنى خاپا قىلىپ قويدۇم. لىكىن بۇنىڭمۇ مەلۇم سەۋەبى بار. سادىق بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا نىكاھ مۇناسىۋىتى ئاللىبۇرۇن ئۈزۈلۈپ بوپتىكەن. مەن ئەقلىسىز نەچچە يىلدىن بىرى بۇنى بىلمەي يۈرۈپتىمەن .

ـ ھە؟! ـ تۇنسەخان ئاچا ھەيرانلىق ئىلكىدە گۈلسەنەمگە قارىدى ـ يوچۇنلا بىر گەپ قىلىسىزغۇ بۇگۈن ؟ ئەمما يەنە يالغان ئېيتىمىپ مىنى ئالدايمەن دىمەڭ. ھىلىمۇ سىزگە چىش ـ تىرنىقىمغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنتىم. لىكىن ئانىنىڭ باغرى ھەقىقەتەن يۇمشاق بولىدىكەن .

ـ مىنىڭ گىپىمنى ئاڭلاپ بېرىدىغانلىقىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت ئانا.

گۈلسەنەم نەچچە ئون يىلنىڭ ئالدىدا سادىقنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى، لىكىن چوڭ ئۆيدىكىلەرنىڭ بىر بوۋاينى ئېلىپ كىرىپ ئۆزى بىلەن نىكاھلاندۇرۇپ، يىرىم سائەتتىن كىيىن ئازراق پۇل بېرىپ كەتكۈزىۋىتىپ، يەنە سادىق بىلەن نىكاھلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى، نەچچە يىل بىلمەيلا نىكاھسىز ھالدا ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۆيدە تۇرغانلىقىنى، كىيىن بىلگەندىن كىيىن قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى، ئابباس ئۇنىڭ يارا بولغان كۆڭلىگە مەلھەم بولۇپ ئۇنىڭغا قاتتىق كۆڭۈل بۆلگەن بولغاچقا ئۇنىڭ بىلەن نىكاھلانغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىۋىتىپ ئاخىرىغا كەلگەندە زوق ـ شوخ بىلەن مۇنداق دىدى ـ :

ـ ھازىرقى تۇرمۇشىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتىۋاتىدۇ ئانا. مەندىن ئەنسىرىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

تۇنسەخاننىڭ بېشى پىرىدە قىيسپ كەتتى. «« ناۋادا گۈلسەنەمنىڭ دىگەنلىرى راست بولسا، ماھىرەدىن كىچىك ئالتە بالا «« ھارامدىن بولغان »» بولامدۇ ؟ بۇ قاتتىق گۇناھنىڭ سورىقىنى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ قىزى نېمانداق بەختىش، نېمانداق بىپەرۋا چوڭ بولۇپ قالغاندۇ. نەۋرىلىك بولغۇدەك بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە

توي قىلمىغان 30 ياشلاردىكى بىر يىگىتكە تېگىۋېلىپ خۇشال بولۇپ كېتىشلىرىچۇ تېخى. توختا، ئۇنىڭدىن بىر گەپ ئېلىپ باقاي‹‹ .

- بالام، هازىرقى ئېرىڭىزنىڭ ياش، تېخى توي قىلمىغان يىگىت ئىكەنلىكىدىن پەخىرلىنەمسىز؟

تۇنسەخان ئامال بار ئاۋازىنى يۇمشاق چىقىرىشقا تىرىشىپ گۈلسەنەمنىڭ بىرەر تالمۇ قورۇق كۆرۈنمىگەن سىلىق يۈزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ.

- ئەلۋەتتە. مەن 40 ياشتىن ئاشقانلىقىمنى نەچچە قېتىم دەپ بولدۇم. ئەمما ئۇ مېنى ئالداۋاتىسىز، ئەمدىلا 35 ياشقا كىرگەندەكلا كۆرۈنىدىكەنسىز دەپ سۆزلەپلا يۈرىدۇ. تېپىشىمۇ خىلى يامان ئەمەس. تۇرمۇشىمىزمۇ باياشاتچىلىق ئىلكىدە ئۆتىۋاتىدۇ ئانا.

تۇنسەخان ئەمدى گۈلسەنەمدىن ئۇمىدىنى تولۇق ئۈزۈپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلا شمايلا ئا شخانىدىن چىقىپ كەتتى.

جىمجىت هۇجرىدا نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلارنى كۆڭۈل ئىكرانىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتكۈزگەن گۈلسەنەم ‹‹ مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟ مېنىڭ تۇرمۇشۇمدا نېمە كەم ؟ ›› دەپ بەك ئۇزاق ئويلاندى. بىر نەچچە هەپتە قاتتىق ئويلىنىش گۈلسەنەمگە شۇنى هىس قىلدۇردىكى:

سادىقنىڭ ئۆيدە گەرچە تۇرمۇشى نامرات، ئاچ-توق ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ هاردۇقىنى چىقىرىپ تۇرىدىغان، ئۆينى ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولدۇرۇپ ئاۋات قىلىپ بېرىدىغان بالىلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرەتتى. كېيىن گۈلسەنەمنىڭ يولىيورۇقى بىلەن سادىق هارامدىن نۇرغۇن مال-دۇنيا تېپىپ ئەكىرگەندە، گەرچە ئۇلارنىڭ ماددىي ئېهتىياجى تولۇقلانغان بولسىمۇ، لېكىن سادىق هەر بىر كۈننى غەم-ئەندىشىدە ئۆتكۈزگەندى.

ئابباسنىڭ ئۆيدە بىرنەچچە ئاي جاپا تارتىپ مېھنەت ئۆيدە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرى كۆڭۈلدىكىدەك بىر ئۆيگە كۆچىۋالدى. ئۆيۈڭ بارمۇ دىسە بار دىگۈدەك، ھەممە ئادەم ھەۋەسلىنىپ قارايدىغان مۇنۇ ئۆي ئۇنىڭ ئەڭ پەخىرلىنىدىغان ‹‹ كۆز گۆھىرى ›› ئىدى. لېكىن ‹‹ بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار ›› دەپ، ئائىلىنى شاد-خوراملىققا تولدۇرۇپ تۇرىدىغان بىر پەرزەنتنىڭ يوقلىقى ئابباسنى هەسرەتلەندۈرىۋاتاتتى.

گۈلسەنەمنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى كۆل سۈيىدەك تىنىق ئۆتكەن هاياتى بالىلىرىنى ئەسلەش بىلەن، تىنىچ كۆلگە تاش چۈشكەندەك داۋالغۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۈنبويى قىلىدىغان ئىشى بالىلىرىنى سېغىنىش، بالىلىرىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىش ئىدى.

# 11 ـ باب

بۈگۈن ســـــائادەتنىڭ توخۇ كاتىكىدەك كىچىككىنە ئۆيى مېھمانلار بىلەن لىققىدە تولغان ئىدى. بۈنىڭ ئارىســــدا ســـائادەتنى مۇبارەكلەپ كەلگەنلەرمۇ، ماھىرەنىڭ قېيىنئانىســــى گۈلجامالخاننى مۇبارەكلەپ كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى. ئەتىگەندىن بېرى مېھمانلارنى ئۇزىتىپ چارچاپ كەتكەن ئالىم، باشــقىلار دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە ماھىرەنىڭ قىشىغا كىرىۋالدى.

ـ ئانىســـى، بالىمىزنىڭ ئىســـمىنى قويىمىز دەپ مېھمانلارغا قاراپ بولالماي بەك ھېرىپ كەتتىم. مىنى بىردەم يوشۇرۇپ قويغىنە.

ئالىم ماھىرەگە يىلنىغان قىياپەتتە ئۇنىڭ يېنىغا كىلىپ تىكىلىپ قاراپ ئولتۇردى.

ـ ۋايجان، نەچچە ۋاقتتىن بېرى خوتۇن دەيتتىڭىز. ئۇنى تۇزەتكۈزۈپ بولالماي تۇرسام، ئەمدى بولغاندا ئانىســـى دەپ يۇرىيســــزغۇ. ســـز شـــۇنداق دىســـىڭىز مەن ئۆزۈمنى 10 ياش قېرىپ كەتكەندەك ھىس قىلىدىكەنمەن.

ـ ناۋادا سىز مېنى ئېرىم، دادىسى دىگەن بولسىڭىز مەن چوقۇم 10 ياش يا شىرىپ كەتكەندەك خۇشال بولغان بولاتتىم .

ئالىم ماھىرەنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە تىكىلىپ قارىدى. گەرچە ئۇلار ئايرىلغىلى پەقەت 10 نەچچە كۈنلا بولغان بولســـىمۇ، ئالىمنىڭ ماھىرەگە تىكىلىپ ئوتلۇق قارىشـــىدىن ئۇنى نەقەدەر ســـغىنىپ كەتكەنلىكىنى بىلىۋالماق تەس ئەمەس ئىدى .

ـ ئۆتەپ بېرىڭە مىڭىڭ...ھېلىتىن ئانىســـى، دادىســـى دېيىشـــمىســـەكمۇ، قېرىغاندا دېيىشـــۋالســـاقمۇ ئۆلگۈرىمىزغۇ...

ماھىرە تۇمشۇقىنى ئۈچلاپ چىرايلىق دومسايدى. ئالىمنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئامراقلىقى كەلدى.

ـ مەكتەپتىكى ھەممە سى ئاياللىرىغا تېلفۇن ئۇر سا « ئاند سى تاماق پە شتىمۇ؟ ئاند سى باللار ياخ شى تۇرغاندۇ؟ ئانىسى سىزنى سغىندىم » دېيىشىدۇ.

ـ ئەلۋەتتە بىر نەچچە بالىسى بولغاندا دېيىشسىمۇ ئۆلگۈرىدىغان گەپقۇ ئۇ!

ـ ماقۇل جىنىم خوتۇن ماقۇل، مەن گېپىڭلىنى ئاڭلاي .

ئىككى سى تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كىتى شتى. تۇيۇق سىز ئە شىك ئېچىلىپ گۈل سەنەم بىلەن گۈلجامالخان ئىككىســـى تەڭلا كىرىپ كەلدى. گۈلســـەنەمنى كۆرگەن ئالىمنىڭ چىرايى كەكرى يۇتىۋالغاندەك پۈرۈشـۈپ كەتتى. ئۇ مۇنداقلا سالاملىشىپ قويۇپ سىرتقا ماڭدى.

- ماھىرە قىزىم، ئانىڭىز بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ. مەن مېھمانلارغا قاراپ بىقىپلا كىرىمەن.

گۈلجامالخان گۈلسەنەمگە ئۆزرە قويغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى. گەرچە ماھىرەنىڭ ئانىسى بىلەن تۇرغۇسى كەلمىسىمۇ، قېينئانىسى چىقىپ كەتكەندىن كېين گۈلسەنەم بىلەن يالغۇز قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

- ئاڭلىسام سائادەت سىزنى ئۆزى بىر قوللۇق تۇغدۇرۇپتۇ. ئۇ ئەڭ ياخشى تۇغۇت ئانىسى بولالايدۇ.

گۈلسەنەمنىڭ چىرايىدىكى يالغان كۈلكە، تەبەسسۇملار ماھىرەگە قىلچىلىكمۇ ئىللىق بىلىنمىدى. ‹‹ ئانا دىگەن ئۆز قىزى تۇغۇت جىگى قىلىپ قاتتىق قېينىلىۋاتقان مەزگىلدە ئەلۋەتتە يېنىدا تۇرۇپ ئۇنىڭغا كۈچ بېرىشى، مەدەت بېرىشى كېرەكتى. ئەمما مېنىڭ ئانام نىملەرنى قىلدى. مانا بالا 7 كۈنلۈك بولۇپ ئىسمىنى قويىمىز دەۋاتقاندا، ماڭا ياخشىچاق بولماقچى بولۇۋاتىدۇ. بۇنداق ئاياللارنىڭ ئانا بولۇشقا سالاھىيتى تو شمايدۇ ›› ماھىرە خىيالى بوۋاقنىڭ يىغىسى بىلەن توختاپ قالدى. گۈلسەنەمنىڭ بوۋاقنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئۇزاتقان قولى ھاۋادا پۇلاڭلاپ قالدى. چۈنكى ماھىرە چاققاناق تىزلىكتە بوۋاقنى قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا مەھكەم تىڭىۋالغانىدى. ئۆز قىزىنىڭ بۇنداق قىلىشى گۈلسەنەمگە ئېغىر كەلدى. ئۇ خورلۇق ھىس قىلدى. يۈرىكى ئاغرىدى. لىكىن باشقىلاردىن خاپا بولۇشقا ھەققى يوق ئىدى .

- نېمە تۇغدىڭىز قىزى.........

- نېمە تۇغدىڭىز دەيسىزغۇ ئانا. مەن ئادەم بولغاندىكىن ئەلۋەتتە ئادەم تۇغىمەندە!

ماھىرە ئۆزىمۇ بىلمىگەن ئا سا ستا ئانىسىغا ۋارقىرىۋەتتى. شۇندىلا گۈلسەنەم ئۆزىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى ھىس قىلىپ تۆۋەن ئاۋازدا ـ :

- خاپا بولماڭ قىزىم. قىز تۇغدىڭىزمۇ ئوغۇلمۇ دىمەكچى ئىدىم. خاتا دەپ قاپتىمەن.

- قىز!

ماھىرە گۈلسەنەمنىڭ يىغلاشقا تەييار تۇرغان كىچىك بالىدەك ئۆمچەرەپ تۇرغان چىرايىنى كۆرۈپ ئارتۇق گەپ قىلىشقا رايى بارماي، بالىسنى ئېمىتىشكە باشلىدى .

گۈلسەنەم ماھىرەنىڭ بالىنى ئېمىتەلمەي تەس قالغىنىنى كۆرۈپ ياردەم قىلغۇسى كەلدىيۇ، يەنە كۆڭلىنى ئاغرىتىۋېلىشتىن قورقۇپ سۈكۈتتە ئولتۇردى. لىكىن ئۇنىڭ خىيال قۇشلىرى 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۆزى ماھىرەنى تۇغۇپ ئىسىم قويغان مۇشۇنداق قۇتلۇق كۈنگە قاراپ پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋاقىتتا سادىق ماھىرەنى ھېچكىمگە تۇتقۇزماي كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىۋەتكەن ئىدى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېين گۈلسەنەمگە ئەگىلىپ بېرىلگەن ماھىرەنىڭ چىرايى نەچچە يىل كىسەل تارتقان ئادەمدەك سارغىيىپ كەتكەچكە، گۈلسەنەم سادىقنىڭ مەيدىسىگە نەچچىنى ئۇرۇپ قاتتىق يىغلاپ كەتكەن ئىدى. گۈلسەنەم ماھىرەنى ئېمىتىپ بەدەنلىرىنى ئۇۋۇلاپ خېلى ئۇزۇندىن كېين ماھىرە قىرقىراپ يىغلاپ كەتكەندە گۈلسەنەمنىڭ

چېھرىگە خۇشـــاللىق تەپچىپ چىققاندى. مانا ئەمدى قىزى ماھىرە ئۆزىنىڭ قىزىنى ئېمىتىپ ئولتۇرۇپتۇ. ۋاقىت نېمىدىگەن تېز ئۆتكەن ھە!

بوۋاققا «« مېھرىئاي »» دەپ ئىسىم قويۇلدى. ئىسىم قويۇپ بەرگەن موللام ئالىم قويغان 200 كوي نەخ پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ، بۇ ئائىلىنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن دۇئا قىلغاندىن كېيىن، ئۇيۇشۇپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئاستا يۆتكەپ قايتا ـ قايتا خوشلىشىپ كېتىپ قالدى.

سائادەت، گۈلجامالخان، گۈلسەنەم، ئالىملار ماھىرە ياتقان ھوجرا ئۆيدە ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرغىنىغا خېلى ئۇزۇن بولغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى چىش يېرىپ بىر نەرسە دېمىدى. قىسقىسى بۇ خىل ئايرىپ بەرگىلى بولمايدىغان مۇناســۋەت تورى ئۇلارنىڭ ئېغىز ئاچماسـلىقىغا سـەۋەبچى بولغاندى. گۈلســەنەم بۇ يەردە ئۆزىنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئىلىپ يانچۇقىدىن بىر مۇنچە پۇل چىقىرىپ داســـتىخانغىلا قويدى.

- سائادەت، ئاز بولسىمۇ بۇ پۇلنى ماھىرەنىڭ چىقىملىرىغا ئىشلىتەرسىز.

- بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ چىقىمنى بىز ئۆزىمىز ھەل قىلىۋالىمىز. كايىپ قاپسىز.

گۈلجامالخان پۇلنى گۈلســەنەمگە قايتۇرۇپ بەرگەن بولســىمۇ، گۈلســەنەم ئالغىلى ئۇنىماي ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

- بۇ ئۇنىڭ نېمە قىلغىنىدۇ؟ بۇ مەرىكە بۇگۈن بىر چىرايلىق ئۆزىغان تۇرسا.

گۈلسەنەمنى ئۆزىتىپ قويۇپ كىرگەن گۈلجامالخان ئاۋال ئېغىز ئاچتى. سائادەتمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى ـ:

- شۇنى دېمەمسىلە. ھە بوپتۇ، بۇمۇ قىزىغا بولغان كۆڭلى ئىكەن. بىز ئىلىپ قويۇپ ماھىرەگە بىرەر تال ئالتۇن زەنجىر ئىلىپ بېرەمىز يا!

- بۇمۇ بولىدىغان چارىكەن. ئەمسە شۇنداق قىلىلى. بۇ پۇلنى سىز ساقلاپ قويۇڭ!

ئىككى ئايال مېھمانخانا ئۆيىنى يىغىشتۇرغاچ خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

باشقىلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئالىم ماھىرەنىڭ مەيۈسلۈك يېغىپ تۇرغان مەسۇم كۆزلىرىگە قارىدى. ئۇنىڭمۇ يۈرىكى ئېچىشــقاندى. «« گۈلســەنەم ئاچام ماھىرەنىڭ ئانىســى تۇرۇپ قىزىنى بېرىر قېتىم باغرىغا باسـالمىســا، ماھىرەمۇ ئۆزىنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئانىســىغا بىر پىيالە ھاردۇق ئېشــى ئېتىپ بېرەلمىســە، ئۇرۇشۇپ قالغان چۆجە ـ خورازلاردەك ھۆرپىيە شىپ يۈرسەك، بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئەشلار يۈز بېرەركىن تاڭ«« !

ماھىرە تۇيۇقسىز بىر ئىشنى ئىسىگە ئالغاندەك پىچىرلىدى ـ:

- ئىككى ئايغا قالماي دادام تۈرمىدىن چىقسا، ئانامنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقسا، قانچىلىك ئازابلىنىپ كېتەر!

ـ نېمە دېدىڭىز ئانىسى؟ بالىغا پىچىرلاپ نېمىلەرنى ئۆگىتىۋاتىسىز؟

ئالىم ماھىرەنىڭ تۇخۇمسىمان مەڭىزلىرىنى ئىككى ئالقىنى ئارىسىغا ئېلىپ ئۆزىگە قاراتتى.

ـ ۋاي نېمىلەرنى قىلىۋاتىسىز؟ سائادەت ئاچام بىلەن ئانام ھازىرلا كىرىپ قالىدۇ جۇمۇڭ!

ـ مەيلى كىرىپ قالسا...

ماھىرەنىڭ يۈرىكى شۇررىدە قىلىپ ئېرىپ كەتكەندەك بولدى. ئۇ ئالىمغا ـ:

ـ يەنە ئىككى ئايغا قالماي دادام تۇرمىدىن چىقىدۇ. شۇ كۈنى دادامنىڭ ئالدىغا بىللە چىقارسىزمۇ؟

ـ ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەندە. دادىمىز قىزىمىز مېھرىئايىنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ. قېيىنئاتام بىلەن ئولتۇرۇپ قانغۇچە پاراڭلاشسام دەيتتىم. مانا ئەمدى بۇ تىلەكلىرىمىز ئەمەلگە ئاشىدىغان بوپتۇ.

ئىككىسى ئۇ ياق ـ بۇ ياقنى ملەڭ پاراڭنى قىلىشىپ، مېھرىئايىنى ئەركىلىتىپ ئۇزاق ئولتۇردى. ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇپ قايتىپ كىرگەن سائادەت بىلەن گۈلجامالخاننىڭ بۇ ئىككى ئەر ـ خوتۇنغا مەستلىكى كېلىپ ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ قېلىشتى.

## 12 ـ باب

مۇدھىش، سۈرلۈك تۇرمە دەرۋازىسى ھەيۋەت بىلەن ئېچىلىپ، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان سادىق كىچىككىنە يۈك ـ تاقىسىنى كۆتۈرگەن ھالدا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئالدىغا چىققان تۇنسەخان ئاچا ،سائادەت، ئالىم ۋە ماھىرەلەر ئىلدام قەدەم بىلەن سادىقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە ھال ـ ئەھۋال سوراشتى. شۇنچە ئىزدەپمۇ بۇ تونۇش كۆزلەر ئارىسىدىن چىرايلىق ھەم مېھرىلىك بىر جۈپ كۆزنى ئۇچرىتالمىغان سادىق قاتتىق ھەيرانلىق ئىلكىدە ماھىرەگە قاراپ سورىدى ـ:

ـ قىزىم، ئانىڭىز كۆرۈنمەيدىغۇ؟

سادىقنى كۆرۈپ خۇشال بولغان، كۈلگەن كۆزلەردە بىردىنلا سوغۇق نۇر ئۇچقۇنلىرى پەيدا بولدى. ھەممەيلەن گوياكى جىنايەت ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك گۇناھكاردەك باشلىرىنى تۆۋەن سىلىشتى. بۇ كەيپىيات سادىقنىڭ بۇركۈتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى. سادىق ھەممەيلەننىڭ سۈكۈتتە تۇرغىنىنى كۆرۈپ, بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە ھەرخىل ۋەھىملىك ئىشلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. لېكىن ئېغىزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمىدى.

ـ نېمە بولدۇڭلار؟ ھېچقايسىڭلار گەپ قىلمايسىلەرغۇ؟ ئەجىبا گۈلسەنەمگە بىرەر ئىش....

ـ دادا، ئاۋال ئۆيگە كىرەيلى. ئاندىن ھەر قانداق ئىشنى ئالدىرىماي مەسلىھەتلەشمەمدۇق !

ماھىرە شۇنداق دەپ بىر قولىدىكى دادىسىنىڭ قولتۇقىدىن يۆلەپ ماشىنا تەرەپكە ماڭدى.

- دادا، مانا قاراڭ. بۇ سىزنىڭ نەۋرىڭىز مېھرىئاي بولىدۇ.

ماشىـــنا قوزغالغاندىن كېيىن ئارىدىكى جىمجىتلىقنى يەنىلا ماھىرە بۇزدى. ئەلۋەتتە ئۇنداق قىلمايمۇ بولمايتتى. چۈنكى ھازىر سادىق گۈلسەنەمگە بىرەر ئىش بولۇپ قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ ئولتۇرغاچقا، ئۇنىڭ كەيپىياتىنى تەڭشەشمۇ ئىنتايىن مۇھىم ئىدى.

- نېمانداق ئوماق قىز بۇ. خۇددى ئانىڭىزغىلا ئوخشاپتۇ قىزىم.

بۇ گەپ بىلەن ماھىرەنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشـۈپ كەتتى. ئۇ دادىســـىنى ئۇنداق دەر دەپ ئويلىمىغاچقا، كەيپىياتنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بالىنىڭ گېپىنى چىقارغانىدى. لېكىن ئويلىمىغان يەردىن دادىســـى يەنىلا گۈلسەنەمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇ. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن دادىسىغا بۇ ئىشلارنى قانداق چۈشەندۈرۈشمۇ بىر مەسىلە تىخى.

- ۋوي راسـت، كۈيئوغلىمىزنى مۇئەللىم دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭلار. لېكىن مەن قارىسـام شـوپۇردەك قىلامدۇ نېمە؟

ما شىنىنىڭ رولىدا ئولتۇرۇپ قېيىنئاتىسىنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالغاچ ما شىنا ھەيدەۋاتقان ئالىم دەرھاللا جاۋاب بەردى ـ:

- ھە، بۇ دوستۇمنىڭ ماشىنىسى ئىدى. بۈگۈن بىر كۈنلۈك ئارىيەتكە ئالغانىدىم.

- تازا كايىپسىز دە!

سـادىق سـەل ئوڭايسـىزلانغاندەك بولدى. ئەسلىدىنلا كەينى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان سـائادەتنىڭ ئورنىدا گۈلسـەنەم بولسـا توغرا بولاتتى. بىر ئائىلە كىشـىلىرى جەم بولغان بولسـا نېمىدېگەن ياخشـى بولاتتى. لېكىن.........

- تەكەللۇپ قىلمىســلا دادا، بىز بىر ئائىلە كىشـىلىرى ئەمەسـمۇ! ئۇنداق دېيىشـنىڭ ھاجىتى يوق. بۇ مېنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك

ئىشىم.

ئالىم يېنىدا ئولتۇرغان قېيىنئاتىسـىغا قاراپ كۈلۈمسـىرەپ قويدى. ماشـىنا تۈنسـەخان ئاچىنىڭ ئىشـىكى ئالدىغا كەلگەندە يەڭگىل تورمۇز قىلىنىپ توختىدى.

- قىزىم، قارىســـام ئانىڭىز بۇ ئۆيدىمۇ يوق تۇرىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولدى؟ مېنى ئەنســـىرەتمەي تېزراق ئېيتىسىڭىزچۇ!

ماشىنىدىكىلەر ئۆيگە كىرىپ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن سادىق تەقەززالىق بىلەن ماھىرەدىن سورىدى. ماھىرە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي دۇدۇقلاپ تۇرۇپ قالدى. دەل شۇ چاغدا ئۆي ئىچىنى سىرتتىن كىرگەن باللارنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى قاپلىدى.

- دادا.........

- دادا، سىزنى بەك سېغىندۇق.

- دادا.........

مىرادىل، مۇرات ۋە ئۇلارنىڭ ئۇكىلىرى كىلىپلا دادىسىغا يېپىشتى. سادىق باللارنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويغاندىن كېيىن، ماھىرەگە سوئال نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

- دادا، ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ. سىز ئويلىغاندەك چوڭ ئىشمۇ يوق....

- چوڭ ئىش بولمىسا ئېيتمامسىز ئەمسە!

ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملىگەن ئالىم بىلەن سائادەت باللارنى ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۆي ئىچىدە تۇنسەخان، ماھىرە ۋە سادىقلا قالغانىدى. تۇنسەخان بىردىنلا ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى - :

- كەچۈرۈڭ بالام. مەن ياخشى ئانا بولۇشقا لايىق ئەمەس ئىكەنمەن. مەن قىزىمنى ياخشى تەربىيىلىيەلمىگەنلىكىم ئۈچۈن، ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمەن.

باش - ئايىغى يوق گەپتىن ھېچ نەرسىنى بىلەلمىگەن سادىق بىردە تۇنسەخان ئاچىغا بىردە ئىسسەدەپ يىغلاۋاتقان ماھىرەگە قاراپ داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ھەرخىل گادىرماچ خىياللار كىرىۋالغانىدى.

- زادى نېمە ئىش بولدى؟ ماڭا ئىنىقراق ئېيتساڭلارچۇ. مۇشۇ تاپتا پۈتۈن خىيالىم گۇلسەنەمدىلا قالدى.

يىغىدىن ئازراق پەسلىگەن ماھىرە بولغان ئىشلارنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بەردى. سادىقنىڭ چىرايى تۆمۈردەك قارىداپ، گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ كەتكەنىدى.

- قىزىم ماڭا يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز شۇنداقمۇ؟ مەن بىلەن ئويۇن ئويناۋاتىسىلەر شۇنداقمۇ؟ سادىق ھەرقانچە تىرىشسىمۇ بۇ گەپلەرگە ئۆزىنى ئىشەندۈرەلمەيۋاتاتتى. 20 نەچچە يىللىق قەدىناسىنىڭ بۇنداق ئىپلاس ئىشلارنى قىلىشىغا ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. لېكىن تۇنسەخان ئاچىنىڭ تىرناق تاتىلاپ ياش تۆكۈپ ئولتۇرۇشى، ماھىرەنىڭ ئىسسەدەپ يىغلاپ كېتىشى بۇ ئىشلارنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. «ئاھ خۇدا، بۇ قانداق ئىش؟ مەن نېمىنى خاتا قىلدىم؟ مېنىڭ قىلغان ھەممە ئىشلىرىم ئائىلەم ئۈچۈن ئىدىغۇ ھە!» سادىقنىڭ ئۈنلۈك ئاۋازدىكى نىداسى ھويلىدىكى سائادەت بىلەن ئالىمغىمۇ ئوچۇق ئاڭلاندى.

ـ ھېلىقى نائەھلىنىڭ ئۆيى قەيەردە؟ تېز ئېيتىڭ!

دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن سادىقنىڭ مىڭىسى چاراسلاپ ئاغرىۋاتاتتى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە يوشۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانلىقىنى ھىس قىلغان ماھىرە، دادىسىغا ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرېسىنى ئېيتىپ بەردى. سادىق ساداقتىن ئايرىلغان ئوقتەك ئېتىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئاچچىقتىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان سادىق ئاچچىقىنى ئىشىك قوڭغۇرىقىدىن ئالماقچى بولغاندەك كۈچ بىلەن باستى.

ـ كىمو؟

ئۆي ئىچىدىن بىر ئەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ ئاچە ئىشىكىڭنى ۋۇ نائەھلى......

ئابباسنىڭ ئىشىكنى ئېچىشى بىلەن تەڭلا، ھاۋادىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر مۇشت ئۇنىڭ بۇرنىغا تەگدى، ئۇ كەينىگە سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئابباس بىشىنى كۆتۈرىشى بىلەن سادىق ئۇنىڭ بۇرنىغا يەنە بىر مۇشت ئۇردى. ئۇنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىققان قان ئاپئاق كۆينىكىنى بىردەمدىلا قىپقىزىل قانغا بويىۋەتتى. لىكىن ئاببىسمۇ بوش كەلمەدى. ئۇ بىر ناتونۇش كىشىنىڭ، ئۆيىگە كىرىپلا ئۆزىگە مۇشت ئېتىشىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغانىدى. يومىداقلىشىش، مۇشت ئېتىشىش بىر ھازاغىچە داۋام قىلدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى زەي تۈرمىدە يېتىپ بەدىنى ئاجىزلاپ كەتكەن سادىق، ياش ھەم قاۋۇل ئابباستىن تۆت ـ بەش مۇشت يەپلا ھالسىراپ قالدى.

ـ ئاكا، سىز كىم؟ مېنى نېمىشقا ئۇرىسىز؟

ـ مېنى ئاكا دىگۈچى بولما ۋۇ نائەھلى. خەقنىڭ خوتۇنىنى خوتۇن قىلىۋىلىپ، يەنە مېنى نېمىشقا ئۇرىسىز دەيسەنغۇ خېجىل بولماي.

ـ ئاكا، سىز زادى نېمە دىمەكچى. مەن گەپلىرىڭىزنى پەقەتلا چۈشەنمىدىم.

ـ ئەلۋەتتە چۈشەنمەيسەندە.

ئۇلار ئاستا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. سادىق ماھىرەنىڭ «ھېلىقى ئادەممۇ ئانام نېمە دىسە ئىشىنىپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلدى. ئۇ ئادەم ئانامنىڭ ئېرى بارلىقىنى بىلسە بەلكىم ھەرگىز توي قىلمايتتى »دېگەن گەپلىرىنى ئەسلەپ سەل پەسكويغا چۈشتى.

ـ سىز مېنى ئىزدەپ كەلگەن ئىكەنسىز، شۇنىڭغا قارىغاندا چوقۇم ماڭا دەيدىغان گەپلىرىڭىز بار. ئاۋال يۈز ـ قوللىرىمىزنى يۇيىۋىتىپ ئاندىن ئولتۇرۇپ چىرايلىق پاراڭلىشايلى بولامدۇ؟

سادىق ئۆن ـ تىنسىز ئاپباسقا ئەگەشتى. ئۇ يۈز ـ قوللىرىدىكى، كىيىم ـ كېچەكلىرىدىكى قاننى يۇيۇپ مېھمانخانا ئۆيگە چىقتى.

ـ سەن بىلمەيسەن ئۇكا. ھازىر سەن «مېنىڭ ئايالىم» دەۋاتقان ئايال ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ ئايالىم ئىدى.

ئاپباسنىڭ كۆز ئالدىغا نەچچە يىل ئىلگىرى گۈلسەنەمنى تۇنجى كۆرگەن ۋاقت كەلدى. ئۇ ۋاقىتتا گۈلسەنەم ماشىنىغا سادىق بىلەن بىللە چىققانىدى. ئاپباس شۇ ۋاقىتتا «بۇ ئىككىيلەن دادا ـ بالا بولسا كېرەك» دەپ ئويلىغانىدى.

ـ ئەجىبا ئىككىڭلار.....

ـ توغرا، بىز دادا ـ بالا ئەمەس، ئەر ـ خوتۇن ئىدۇق. مەن گۈلسەنەمنى بەك ئاسرايتتىم. ئۆيى ئىشلىرىنىمۇ بىللە قىلىشىپ بەرگەچكە ئۇنىڭ چىرايى قىزلارنىڭكىدەكلا چىرايلىق ئىدى. ئەمەلىيەتتە گۈلسەنەمنىڭ 20 ياشتىن ئاشقان قىزى بار. ھازىر قىزىمىز توي قىلىپ بوپتۇ. نەۋرىسىمۇ بولدى دىگەن گەپ. سىز بىر ئەركىشى تۇرۇپ، نېمىشقا ئۇنىڭ تىگى ـ تەكتىنى بەكراق سۈرۈشتۈرۈپ باقمىدىڭىز؟

ـ ئۇنداق بولسا مەنمۇ ئۆز كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتاي. مەن ئۇنى تۇنجى كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. مەن شۇ ۋاقىتتا يولنىڭ تېخىمۇ ئۇزۇنراق بولىشىنى بەكلا ئارزۇ قىلغانىدىم. لىكىن قېرىشقاندەك سىلەر دىگەن يەرگە بىردەمدىلا كىلىپ قالدۇق. مەن شۇ ۋاقىتتا گۈلسەنەمگە قەستەن ئىسىم كارتۇچكامنى بەرگەن ئىدىم. كىيىن ئۇ مىنى ئۆيىگە چاقىرىدىغان بوپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇشال بولدۇمكى، ئىككى كۈن ماشىنىمۇ ھەيدىمەي ياسىنىپ تەييارلىق قىلدىم. سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارغا بارىدىغان كۈنى ئەتتىگەندە يەنە تېلفۇن كەلدى. گۈلسەنەم يىغلاپ تۇرۇپ، ئېرىنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن ئارتۇق ئويلانمايلا ئۇنى ئۆيۈمگە ئېلىپ كەلدىم. ئۇنىڭ دىيىشىچە ئاتا ـ ئانىسى يوق يېتىممىش. ئېرىمۇ تالاق قىلىۋەتكەچكە ھازىر تۇرىدىغان يېرى يوق ئىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىز 3 ئايدىن ئارتۇقراق بىللە تۇردۇق. كىيىن بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىلىپ نىكاھ قىلدۇردۇق....

ـ ئىشقىلىپ مەن ھازىرغىچە ئۇنى نىكاھىمدا دەپ ئويلاپ كەلدىم. ئاشۇ ۋاقىتتا گۈلسەنەم قىزىمىز بىلەن سىزنى تونۇشتۇرۇپ قويۇش مەقستى بارلىقىنى ئېيتقاندا راست ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن. لىكىن ئىشلارنىڭ بۇنداق تەرەققىي قىلىپ كىتىشىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن. مەن ئۇنىڭغا بەكلا ئىشىنەتتىم. ئۇنىڭ ئۇچۇن زور خەتەرگە تەۋەككۇل قىلىپ، ئۇنى ئالتۇن جابدۇقلارغا، ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرگە كۆمۈۋەتتىم. شۇ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى گۈلسەنەم ئۇچۇن ئىدى. ـ سادىق چوڭقۇر بىر تىنىۋىتىپ داۋام قىلدى ، ـ خەير ئۇكام، قالغان ئىشلارنى ئۆزىڭىز ئويلاپراق بىر تەرەپ قىلارسىز.

سادىق ئەلەڭ ـ سەلەڭ ھالدا ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. سادىقنىڭ ئاخىرقى گەپلىرىنى ئويلاپ ئۇزۇن ئولتۇرۇپ كەتكەن ئاپباس، بازارغا كەتكەن گۈلسەنەمنىڭ قايتىپ كىلىپ ئۆزىنىڭ قان يۇقى كۆيىنىكىگە

قورقۇنچ ئىلكىدە تىكىلىپ قارىغانلىقىنىمۇ، يىنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى ســـورىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىغانىدى.

## 13 ـ باب

مۇكەممەل بىر ئەر بولۇش ســـۈپىتى بىلەن، ئولتۇرىدىغان ئۆي ـ ماكانى، خەجلەيدىغان پۇلى يوق بولۇش ســـادىققا قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئۇلار ئىلگىرى ئولتۇرغان ئۆي ھۆكۈمەت ئىگىدارلىقىدىكى ئۆي بولغاچقا ئۇ ئۆي ھەمدە ئۆي ئىچىدىكى بارلىق مال ـ مۈلۈك ئوغرىلانغان زاڭ مال ھېســـابىغا ھۆكۈمەتكە ئۆتكۈزىۋېلىنغانىدى. تۇنســەخان ئاچىنىڭ ئۆيىدە تۇراي دېســە، بىرىنچىدىن گۈلســەنەم باشــقا ئەرگە تېگىۋالغان بولغاچقا، ســادىق ھازىر ئۇ ئۆيگە كىيئوغۇل ھېســابلانمايتتى. ئىككىنچىدىن گۈلســەنەمنىڭ ئايىغى تەگكەن ئۇ ئۆيدە تۇرغۇســى كەلمىگەنىدى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى ســـائادەتتىن ئازراق پۇل قەرز ئېلىپ ۋاقىتلىق ئىجارە ئۆيدە ئولتۇرۇشنى لايىق تاپتى .

ـ  ماڭا ئازراق پۇل بېرىپ تۇرسىڭىز بوپتىكەن.

بىر كېچە سـىرتتا يول يۈرۈپ تاڭ ئاتقۇزغان سـادىق سـۈبھى كۆتۈرلىشـى ھامان سـائادەتنىڭ ئۆيىگە كېلىپ ئۇنىڭدىن قەرز سورىدى.

ـ  نېمە بولدى؟ كېچىدىن بىرەر ئىش چىقىرىپ قويمىغانسىز ھە! ئەتىتىگەندە كېلىپلا پۇل سورايسىزغۇ .

ـ  ئادەمنى خىجىل قىلىپ نېمانداق سوراۋېرىدىسىز. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باللىرىمغا ياخشى قاراپ قويۇپسىز. بۇنىڭ ئۆچۈن مەن چوقۇم ســـىزنى رازى قىلىمەن. ئەمما مەن بىر تەندۇرۇس ئەركىشـــى. بۇنداق ئولتۇرىدىغان ئۆيۈم يوق، خەجلەيدىغان پۇلۇم يوق ھالەتتە كوچىلاردا تۇنەپ،  ساياقتەك يۈرۈ شۇم تازا ئەقلىگە مۇۋاپىق ئىش ئەمەس. شۇڭلاشقا سىز ئازراق پۇل قەرز بېرىپ تۇرسىڭىز سىرتتىن ۋاقىتلىق ئۆي ئىجارىگە ئىلىپ، مۇۋاپىق ئىش تېپىپ ئىشلەپ قەرزىڭىزنى قايتۇراي دېگەن.

ـ  مەندىن قەرز ئالىمەن، ئە شلەپ قەرز قايتۇرىمەن دەپ ئارتۇقچە ئاۋارە بولۇپ يۈرمەڭ. تۇراي دە سىڭىز مانا ئۆي تۇرۇپتۇ. باللارمۇ مۇشـــۇ ئۆيگە كۆنۈپلا قالدى. ناۋادا ســـرتتىن ئۆي ئىجارە ئىلىپ تۇرىمەن دېســـىڭىز، باللار كۆنەلمەسلىكى مۇمكىن.

سائادەت چاي قۇيۇپ نان پارچىلىغاچ سادىققا تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى.

ـ ئەمما سىز تۇل، مەن بويتاق تۇرسام. سىزنىڭ بۇ ئۆيگىزدە ئىككىمىز تۇرساق، كىشىلەرنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرىگە قالىمىزمىكىن دەيمەن.

ـ ئۇنداق بولمايدۇ، ـ دېدى سائادەت كەسكىن ھالدا، ـ مەن ئاتا ـ ئانامىلارنىڭكىگە بېرىپ تۇرسامۇ بولىدۇ.

ـ سىز.....سىز نېمىشقا ماڭا بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىسىز؟

سادىق ئەجەبلەندى، ھەيران بولدى، تېڭىرقىدى. يات بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە بۇنداق خەيرىخاھلىق قىلىشى ئۇنى باشقىچە خىياللارغا باشلاپ قويغانىدى.

ـ باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. بۇنداق قىلىشىمۇ مۇستاپا ئۈچۈن. باللار ئۈچۈن. گەرچە باللار مېنىڭ ئۆز باللىرىم بولمىسىمۇ، لېكىن مەن ئۇلارنى ئۆز بالامدىن چارە كۆرىمەن. مەن ئۆزۈم بىر تۇغماس ئايال بولغاچقا، نەچچە ئون يىلدىن بېرى بالا ئىشىقىدا يۈرىكىم كاۋاپ بولدى. كىچىلىرى كىرپىك قاقماي جايناماز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھدىن پەرزەنت تىلىدىم. تىلىكىم ئاخىرى ئىجابەت بولدى بولغاي، ئۆيۈم سىزنىڭ باللىرىڭىز بىلەن ئاۋات بولدى. مانا شۇ ۋاقىتتىلا كونىلارنىڭ «باللىق ئۆز بازار، بالسىز ئۆز مازار» دېگەن ھېكمەتلىك تىگىگە يەتتىم. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تىكەندەك يالغۇز ياشايدىغان ھاياتىمغا يېڭى ـ يېڭى مەنالار قوشۇلدى. شۇڭلاشقا سىز يەنىمۇ ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ.

سادىق سافاغا چۆكۈپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ غەمكىن، مىسكىن چىرايى قارىغان كىشىنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىماي قالمايتتى.

ـ بۈگۈن ماھىرە كېلىدىغان بولغان. سىز سىرتقا چىقماي ئولتۇرغاچ تۇرۇڭ. ئۇ بەلكىم تۇنسەخان ئاچىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، باللارنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن. بۈگۈن مۇستاپانىمۇ باقىدىغان ئايالغا ئېچىقىپ بەرمەي. سىز ئۆيدە بولغاندىكىن قارىغاچ تۇرۇڭ. مەن چۈشلۈك تاماققا ئۈلگۈرۈپ كىرىمەن .

سائادەت ئىشقا چىقىپ كەتتى. مۇستاپا بىلەن يالغۇز قالغان سادىقنى چوڭقۇر خىياللار ئۆز ئىلكىگە ئالدى. «يات بىر كىشىنىڭ بالىسىنى ئۆز بالىسىدەك كۆيۈنۈپ بېقىش، ئۇلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش ئۇچرىغانلا ئايالنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. بۇ سائادەت دېگەن ئايالنىڭ سىرتقى قىياپىتى سۆرۈن تەلەت بولغىنى بىلەن ئىچكى دۇنياسى كۆيۈمچان، مېھرىبان ئوخشايدۇ. ئىشقىلىپ باللىرىمغا بىر يېرىم يىلدىن بېرى ياخشى قاراپتۇ. ماھىرەنى ئۆز قىزىنىڭ توينى قىلغاندەك گۈل كەلتۈرۈپ توينى قىلىپ بېرىپتۇ. تۇغۇتىنى ياخشى بېقىپتۇ. ئىشقىلىپ نېملا بولمىسۇن، مەن بۇ ئايالغا نۇرغۇن قەرز بولدۇم. ماددىي قەرزغۇ كارى چاغلىق نەرسە. ئىشلەپ پۇل تېپىپ تۆلەپ بەرسەم بولىدۇ. ئەمما ئادىمگەرچىلىك قەرزىنى ئۆلگىچىمۇ تۆلەپ بولالماسلىقىم مۇمكىن«......

ئىشىك ئېچىلىپ ماھىرە ھەم مىرادىل، مۆرات قاتارلىق بالىلارنىڭ چۇرقىراشقان ئاۋازى بىلەن سادىقنىڭ خىياللىرى چورتلا ئۈزۈلدى. ئۇ بالىلىرىنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ ئۇلار بىلەن بىردەم چاقچاقلاشقاندىن كېيىن ماھىرەنىڭ قولىدىن نەۋرىسىنى ئالدى.-:

- ۋوي، مېنىڭ تاتلىق نەۋرەم بۇ. ماڭا بىرنى كۈلۈپ بېرىڭە قىزىم، ھە قېنى....

ماھىرە ئۈكىلىرىغا مۇستاپانى تۇتقۇزۇپ سىرتتا ئويناپ كىرىش ئۈچۈن چىقىرىۋەتكەندىن كېيىن، مېھرىئايىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ دادىسى بىلەن روبىرو ئولتۇردى. ئۇنىڭ چىرايىدىن سادىققا دەيدىغان نۇرغۇن گەپلىرى باردەك قىلاتتى.

- كۈيئوغلۇم ۋە قۇدىلار تېشلىقتۇ قىزىم؟ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى مەن سەۋەبلىك دىلىڭىز ئازار يەپ قالدىمۇ؟

- ياق دادا، ئۇنداق ئىشلار يوق. قېينئاتا-قېينئانىلىرىم شۇنداق ئېسىل ئادەملەر ئىكەن. بىز توي قىلىپ ئىككى ئاي ئۆتە ئۆتمەيلا ئۆينى ئايرىپ بەرگەن. ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلغۇم بارلىقىنى ئېيتسام، ياشلار دىگەن يالغۇز ياشاپ ئۆزىنى چېنىقتۇرىشى، تۇرمۇش ئۆگىنىشى كېرەك دىدى. ئۇ ئۆيدە ئۆي ئىشىنى قىلىدىغان بىر ئايال خىزمەتكار بار. شۇنداق بولسىمۇ، ئىككى-ئۈچ كۈندە بىر قېتىم بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇرىمەن. ئۇلارمۇ مېنى ئۆز قىزىنى كۆرگەن كۆزدە كۆرۈپ ئەتىۋارىمنى قىلىدۇ.

ماھىرە ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي زوق-شوخ بىلەن قىزغىنىپ سۆزلىدى. سادىق خۇددى ئۇستىدىن ئېغىر بىر يۈك تاشلىۋېتىلگەندەك ئۇلۇغ-كىچىك بىرنى تىنىۋېتىپ سۆز باشلىدى.-:

- ئۇف، جاھاندا شۇنداق ياخشى ئادەملەرمۇ بار ئىكەن ھە! سىزنىڭ تويىڭىزنى قىلىشتىن بۇرۇن سائادەت ئاچىڭىز بىلەن خان ئانىڭىز چىقىپتىكەن. ئۇلارغا ماقۇل جاۋابنى بەردىمىۇ، لىكىن يۈرىكىمنىڭ يېرىمى ئۇلار بىلەن بىللە قايتىپ كىرىپ سىزگە ھەمراھ بولدى. كېچە-كۈندۈز سىزنى مەن سەۋەبلىك ئازار يەپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرىدىم. ھازىر سىزدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولىۋاتىمەنكى، بۇنى ئىپادىلەشكە تىلىم ئاجىزلىق قىلىۋاتىدۇ قىزىم .

سادىقنىڭ ھاياجاندىن تىللىرى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. ماھىرە مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلىغانلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.-:

- دادا، سىزگە بىر گەپنى دەيمۇ-دىمەيمۇ دەپ بەك ئۇزاق ئويلاندىم. ئەمما دىمەي دىسەم بولمىدى. ھازىر مەن سىزگە بىر گەپ قىلىمەن. دەرھال جاۋاب بېرىۋەتمەي ئويلىنىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ .

- قېنى دەۋرىڭ قىزىم. قۇلىقىم سىزدە.

ــ ئانامنىڭ يۈزسىزلىك قىلغىنى سىزگە بەك ئېغىر كەلدى. گەرچە ھازىر مېنىڭ ئالدىمدا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغىنىڭىز بىلەن يۈرىكىڭىزنىڭ ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتقانلىقىنى سىزىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن بولغان ئىش بولدى. ئەمدى ئۆتمۈشكە قايتقىلى بولمايدۇ. سىز تۇرمىدە ياتقان بىر يېرىم يىلدىن بېرى سائادەت ئاچام بىزنىڭ ئائىلە ئۈچۈن كۆپ قۇربانلىقلارنى بەردى. گەرچە بۇ قۇربانلىق، غەرەزسىز، مەقسەت ـ مۇددىئاسىز بولسىمۇ، لېكىن بىز ئىككى قولىمىزنى بۇرنىمىزغا تىقىپ تۇرساق ئادىمگەرچىلىك بولمايدۇ. سائادەت ئاچامنىڭ ئۆكىلىرىمغا ئۆز بالىلىرىدەك كۆيۈنىشى مەندە باشقىچە بىر ئويلارنى پەيدا قىلدى. سىزمۇ بۇنداق يۈرىۋەرسىڭىز بولمايدۇ. شۇڭلاشقا ئارىدا مەن يول ماڭسام ئىككىڭلارنىڭ تويۇڭلارنى قىلىپ قويساق دېگەن ئارزۇيۇم بار. ئەلۋەتتە، بۇمۇ ئىككىڭلارنىڭ ماقۇللۇقۇڭلارنى ئالغاندىن كېيىن بولىدىغان ئىش. ياخشىراق ئويلىشىپ باقارسىز دادا.

ماھىرە «گېپىم تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ سادىقنى قارىدى. سادىقنىڭ روھى چۈشۈپ كەتكەن، ئۈشتۈمتۇتلا دېيىلگەن بۇ گەپ ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ قويغانىدى.

ــ قېرى ئادەملەردەك ئويلايدىغان بولۇپ قاپسىز قىزىم. سىزنىڭ بالىلىقىڭىز كېتىپتۇ.

ــ سائادەت ئاچام بىللە بىللە تۇرۇش مەزگىلىدە ئۇنىڭدىن نۇرغۇن نەرسىلەرنى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى، ھايات پەلسەپىسىنى، نۇرغۇن، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەندىم. مەن سائادەت ئاچامغا بەك قايىل. ئۆكىلىرىممۇ ئۇنىڭ ئىسمىنى داۋاملىق ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدۇ.

ــ مەن ياخشىراق ئويلىشىپ باقاي قىزىم.

چۈشتە سائادەتنىڭ ئىشتىن چۈشۈشكە ئۈلگۈرۈپ سادىق «سىرتلارنى ئايلىنىپ كىرەي» دەپ چىقىپ كەتتى. ماھىرە تۈمۈرنى قىزىقىدا سوقۇشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ سائادەتنى ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ مېھرىئايىنى پەپىلەپ ئۇخلاتقاچ سۆز باشلىدى ـ :

ــ سائادەت ئاچا، سىزگە نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان بىر گەپنى ئېيتماقچىمەن. دەرھال جاۋاب بېرىۋەتمەي ئويلىنىپ جاۋاب بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ. بۇ گەپنى دېيىشكە مەن ئۆزۈمنى ئەڭ لايىق نامزات دەپ قارىغاچقا ئۆزۈملا دەۋەردىم. كۆڭلىڭىزگە ئالماڭ. دادام تۈرمىگە كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، گەرچە ئانىمىز يۈزسىزلىك قىلىپ بىزنى تاشلاپ كېتىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بىز سىزنىڭ ئانىلىق مېھرىڭىزدىن قانغۇچە ھوزۇرلاندۇق. سىزمۇ بىزگە ئېنتايىن كۆيۈندىڭىز. غەمخورلۇق قىلدىڭىز. سىز بىزگە يەنە داۋاملىق ئانا بولۇپ بېرىشنى، دادام بىلەن توي قىلىشنى ئويلىشىپ بېقىڭ.

ـ نېملەرنى دەۋاتىسىز. مېنىڭ ئۇ ئىشلارنى قىلىشتا ھېچقانداق غەرىزىم يوق. مەن پەقەت قولۇمدىن كېلىشىچىلا ياردەم قىلدىم خالاس. «‹ قېرىغاندا قېرى تارتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق ›› دەپ، قېرىغاندا توي قىلىشنى كىم قويۇپتۇ ماڭا.

سائادەت ئېغىزىدا شۇنداق دەۋاتقىنى بىلەن يۈزلىرى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ماھىرە ئۇ ئىككىسىگە پۈرسەت بېرىشنى لايىق كۆرۈپ ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

ئارىدىن بىرەر ئاي ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن سادىق بىلەن سائادەتنىڭ تويى بولدى. سائادەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى، تونۇسەخان ۋە بىر نەچچە تونۇش ـ بىلىش، كەسىپداشلار چاقىرىلغان بۇ توي ھەشەم ـ دەرەمسىز ئاددىيلا ئۆتكۈزۈلدى. ھۆكۈمەتنىڭ قىزىل قەغىزىنى ئېلىپ، نەچچىلا ئادەمنى چاقىرىپ نىكاھ ئوقۇتۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار رەسمىي يوسۇندا ئەر ـ خوتۇنلاردىن بولۇپ قىلىشتى.

بىر ئايدىن كېيىن ھەممىنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك ئېناق ئەر ـ خوتۇنلارغا ئايلانغان سادىق بىلەن سائادەت، سائادەتنىڭ تەكلىپى بىلەن دوختۇرخانا ئالدىغا يېڭىدىن سېلىنغان دۇكانلاردىن بىرنى ئېلىپ كىچىككىنە تاللا بازىرى ئېچىۋالدى. بارا ـ بارا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

## 14 ـ باب

كۈنلىرى ئازاب، تەشۋىش ئىچىدە ئۆتىۋاتقان گۈلسەنەمنىڭ كېچىلىرى كۆزىدىن ئۇيقۇ قاچقان، كۈندۈزلىرى غەم ـ ئەندىشە يۈرىكىنى قۇرتتەك غاجاپ ئۇنى تولىمۇ تۇگەشتۈرىۋەتكەنىدى. يېقىندىن بېرى ئابباسنىڭ ئۆزگىچە بولغان قىزغىن، ئوتلۇق مۇئامىلىسىنىڭ تۇيۇقسىزلا سوغۇقلاپ قېلىشى، يېرىم كېچە بولمىغۇچە ئۆيگە كىرمەسلىكى، ناۋادا بىرەر ـ ئىككى ئېغىز گەپ سورىغۇدەك بولسا قوپال تىگىپ سىلكىشلىرى گۈلسەنەمگە قاتتىق ئېغىر كېلىۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە، تونۇشلاردىن «‹ سادىق بىلەن سائادەتنىڭ توي قىلىۋالغانلىق ›› خەۋىرىنى ئاڭلىشى ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم قىلدى. ئۇ گەرچە ئۆز رازىلىقى بىلەن ئابباس بىلەن نېكاھلانغان بولسىمۇ، لېكىن سادىقنىڭ ئۇياقتىن تۇرمىدىن چىقىپ بۇياقتىن سائادەت بىلەن توي قىلىشىغا چىدىمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىدە بىر پارچە ئوت گۈرۈلدەپ كۆيۈپ، ئۇنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. گۈلسەنەم بۇنداق بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە ياشاۋېرىشكە چىدىمىدى. قىسقىسى ئۇ قاتتىق كۈنلەپ قالغانىدى. «‹ تەييار باللارغا ئانا بولىۋالدى ›› دەپ، ئىچىدە سائادەتنى نەچچە مىڭنى قارغىدى. ئۇنىڭغا قاتتىق ئۆچمەنلىك قىلدى. لېكىن ئۇنىڭ قولىدىن باشقىلارغا ئۆلۈم تىلەشتىن باشقا ئىش كەلمەيتتى. ئۇياققا قارىسا ئابباسنىڭ ئۆزگىچە قىلىۋاتقان سوغۇق مۇئامىلىسى، بۇ ياققا قارىسا كۆنچىلىك گۈلسەنەمنىڭ كىچىك قىزلارنىڭكىدەك سۇزۈك، سىلىق يۈزلىرىگە بىر نەچچە تال ئۇششاق قورۇق تاشلاپ ئۈلگۈردى. گۈلسەنەم ئەڭ ئاۋال ئىشنى ئابباستىن باشلاشنى

كۆڭلىگە پۈكۈپ، بىر كۈنى كەچتە ئۇخشىتىپ پولۇ ئەتتى. پولونى دۈملەپ قويۇپ ئابباسقا تېلفۇن ئۇردى. ئۇنىڭ تېلفۇن نۇمۇرلىرىنى بىسۋاتقان قولىرى سۇس تىترەۋاتاتتى. ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ئابباسنىڭ سالاپەتلىككىنە يالغان يۆتىلىپ سالام قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ـ ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام. كەچتە پولۇ دۈملىگەنتىم. تاماق پىشقانتى. شۇڭا سىزنى كىلىپ تامىقنى ئىسسىقىدا يەۋالامدىكىن دەپ تېلفۇن قىلغانتىم.

گۈلسەنەم ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن هالدا ناز ـ كەرەشمە بىلەن ئەركىلەپ ئابباسنىڭ سۆسلاشقان كۆڭلىنى ئۇتتۇشقا تىرىشتى.

ـ هە ئۇقتۇم.

ئابباسنىڭ تېلفۇنى قويىۋىتىشى بىلەن گۈلسەنەمنىڭ چىرايىدىكى يالغان تەبەسسۇمۇ شامالغا ئۇچراپ ئۆچۈپ قالغان شامدەك تىزلا ئۆچۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىمۇ قەلبىدىكى سوغۇق شامالنىڭ تەسىرىدە ئۆچۈپ قالايلا دەپ قالغانىدى. ئالاھەزەل يېرىم سائەتلەردىن كىيىن ئابباس قايتىپ كىلىپلا ئۆزىنى مېھمانخانا ئۆيدىكى چەتئەلنىڭ ئالىي دەرىجىلىك ئويما سافاسىغا تاشلىدى. گۈلسەنەم قىزلارغا خاس چاققانلىق بىلەن بىردەمدىلا تاماقنى ئەلىپ چىقتى، قېنىق قىلىپ چاي دەملىدى. ئابباس ئۆزى كىرىپ قولىنى چايقاپ چىققاندىن كىيىن ئۇلار ئۇن ـ تىنسىز ئولتۇرۇپ تاماق يىيىشتى. ئابباس دۇئا قىلىپلا سىرتقا مېڭىشى بىلەن گۈلسەنەم دەرهال ئۇنى توختىتىۋالدى ـ :

ـ توختاپ تۇرۇڭ. بىز ياخشىراق پاراڭلىشىپ باقايلى. بۇنداق بۇرۇختۇرما تۇرمۇشتىن بەك زېرىكتىم.

ئابباس ئىككى ئايدىن بىرى كۆڭلىگە چىگىلىپ قالغان تۈگۈننى بۈگۈن يېشىشنى لايىق كۆرۈپ قايتىپ كىلىپ ئولتۇردى. گۈلسەنەم ئۈستەلنى بىردەمدىلا يىغىشتۇرۇپ ئابباسنىڭ ئۇدۇلىغا كىلىپ ئولتۇرۇپ سۆز باشلىدى ـ :

ـ ئىككى ئايچە ۋاقىت بولۇپ قالدى. سىز ماڭا يا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايسىز. يا تۈزۈكراق چىراي ئاچمايسىز. نېمە ئىش بولدى؟ مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىك بولسا ئوچۇق ئېيتسىڭىز مەن تۈزەتسەم بولىدىغۇ. بۇنداق قىلساق بۇ ئۆيىنى قانداق تۇتالايمىز؟

ـ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى سىزگە گەپ قىلماي يۈرۈشۈمدە مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار ئىدى. كاللامدىكى بىر قاتار مەسىللەرنى ياخشىراق هەل قىلىۋىتەي دىگەن. لىكىن قارىسام سىز ئۇ ۋاقىتقىچە سەۋىر قىلالمايدىغان ئوخشايسىز. بوپتۇ، بۇ گەپنى بۈگۈن سىز ئۆزىڭىز باشلىدىڭىز. ئەمسە ئارىمىزدىكى هەممە ئۇقۇشماسلىقلار هەل بولۇپ كەتسۇن.

- مانا ئەمدى مېنىڭ ئىرىمغا ئوخشىمىدىڭىز، - گۈلسەنەم ئېتتىكلا كىلىپ ئاباسىنىڭ بىلىكىگە ئېسىلدى. لىكىن ئاباس ئۆزىنى تارتىپ نېرىغا سۈرۈلۈپ بېرىپ ئولتۇردى. گۈلسەنەم يەنە داۋاملاشتۇردى، - نېمە ئىشلار بولسا ھەممىنى ئوچۇق دەڭ. ئىچىڭىزدە قويۇپ ئۆزىڭىزنى ئازابلىغانىڭ نېمە پايدىسى ؟

- توغرا، ئىچىمدە قويغانىنىڭ سىزگە ھېچقانداق پايدىسى يوقلىقى مۇمكىن. لىكىن ماڭا بەك كۆپ پايدىسى بار ئىدى. لىكىن قانچە ئويلاپمۇ تىگىگە يىتەلمىگەن بىر قانچە مەسىلىنى سىز بىلەن ئورتاقلاشمىسام بولمايدۇ.

ئاباس ياتاق ئۆيگە كىرىپ ئىككى ئاينىڭ ئالدىدا سادىق بىلەن ئۇرۇشقاندا قان بولۇپ كەتكەن كۆينەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

- سىز بۇ كۆينەكنىڭ نېمە ئۈچۈن قانغا بويىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

گۈلسەنەم قاتتىق ئەجەبلەندى، ھەيران قالدى. نەچچە ئاينىڭ ئالدىدا يۇيۇپ بېرەي دىسە ئۇنىماي ئۆزى ئايرىم قۇلۇپ سېلىپ ساقلىغان بۇ كۆينەكنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزلىرىنىڭ پارىڭى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكى ئۇنىڭ ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمىگەنىدى.

- ئاشۇ كۈنى سىز بازارغا كەتكەندە سىزنىڭ ئىرىڭىز ئۆيگە كىرىپلا مىنى ئۇرۇپ كەتتى.

ئاببا سىنىڭ ئاچچىقتىن تۈمۈردەك قارىداپ كەتكەن چىرايى، كا سىلداپ بىر - بىرىگە ئۇرۇلىۋاتقان چە شلىرى ئۇنى قورقۇنچلۇق بىر تۇسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى. گۈلسەنەمنىڭ قورقۇنچىسىمۇ ئۇنىڭدىن كەم ئەمەس ئىدى. سادىقنىڭ ئۆلارنىڭ ئۆيگە كىلىپ ھەممە ئىشنى ئابباسقا ئېيتقاندىن كيىن، ئابباسنىڭ ئۆزىگە شۇنداق سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى ھىس قىلغان گۈلسەنەمنىڭ سائادەتكە تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى. ئۇنىڭغا چىش - تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ خيالىچە بولغاندا، گۈلسەنەملەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئادرىسىنى سادىققا دەپ بېرىپ ئىككى ئائىلە كىشىلىرىنى ئۇرۇشقا سىلىۋاتقىنى دەل سائادەت ئىدى. ئۇ شۇ ئارقىلىق باللارغا ھەم تەندۇرۇس بىر ئەرگە ئېگە بولىۋالماقچى بولغانىدى. گۈلسەنەم سائادەتتىن چوقۇم ھېساب ئالىدىغانلىقىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويۇپ، ئاببا سىنىڭ سۇئاللىرىغا جاۋاب بېرىشكە تەييارلاندى.

- گەپ قىلمايسىزغۇ. ئە سلى سىز ئېرىڭىزنىڭ نىكاھىدا بار ئىكەنسىزغۇ. ئانىڭىز ھەم بويىغا يىتىپ قالغان قىزىڭىز بار ئىكەن. سىز نېمىشقا بۇ ئىشلارنى مەندىن يوشۇرىسىز؟

گۈلسەنەم دەرھال ئاباسىنىڭ ئايىغى ئاستىغا يىقىلىپ ھۆڭرەپ يىغلاپ ئەپۇ سورىدى -:

- كەچۈرۈڭ. ئۆز ۋاقتىدا مەن شۇنداق دىمىسەم بولمايتتى. چۈنكى مەن سىزنى بىرلا كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قالغان. سىزمۇ بىلىسىز، ئەگەر مەن ئېرىمنىڭ نىكاھىدا ئىكەنلىكىمنى ئېيتسام، سىز چوقۇم مېنى ئەمرىڭىزگە ئالمايتتىڭىز. نېمىلا بولمىسۇن، بىز نىكاھ قىلدۇرغان. ھالال ئەر-خوتۇن ھىسابلىنىمىز......

- ئېغىزىڭىزنى يۇمۇڭ!!!

ئاباس گۈلسەنەمنى قاتتىق سىلكىشلۋەتتى. ئۇنىڭ نەچچە ئايدىن بېرى ئىچىدە يىغىلىپ قالغان ئاچچىقلىرى بۇگۈن ئۆزىنى كۆرستىۋاتاتتى.

- مېنىڭ گېپىمگە نېمىشقا ئىشەنمەيسىز؟ مەن راست دەۋاتىمەن.

گۈلسەنەمنىڭ كەپتەر بالىسىدەك بۇقۇلداپ يىغلاپ كىتىشى بىلەن ئاباسنىڭ ئۇنىڭغا سەل ئىچى ئاغرىغان بولسىمۇ، لىكىن كۆڭلىدىكى تۇگۈننى يىشىۋىتىشنى ئويلاپ ئۇنى ئۆز مەيلىگە قويىۋەتتى.

- سىزچە بولغاندا ئېرى بار بىر ئايال بىلەن نىكاھلانسام، ھەم ئۇ ئايال مەھرەمسىز بولسا بۇ نېكاھ مۇناسىۋەتتى يەنە كۈچكە ئېگە بولىشى كېرەك ئىكەندە.

- مېنىڭ ئۇ ۋاقىتتا ماڭا مەھرەم بولغۇدەك ئۇرۇق-تۇققانلىرىمنى تېپىش ئىمكانىيىتىم يوق ئىدى. چۈنكى ئۇلارغا ئۇ گەپنى ئېيتالمايتتىم. بىر كۈنى ئانام ھەم ئاكام بىلەن بازاردا ئۇچرىشىپ قالدۇق. شۇنداق قورقۇپ كەتتىم. ئاكام مېنى بىر قانچە قېتىم ئۇرۇش ئۈچۈن قولىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئانام ئارىغا كىرىۋىلىپ مېنى تاياق يىيىشتىن توسۇپ قالدى. لىكىن مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان تۇرسام، بۇ ساراڭ كۆڭۈل تېخى ئادەمنىڭ مەيلىگە باقمىسا. ئەمىسە سىز ئېيتىڭە، مەن ئۆز ۋاقتىدا قانداق قىلسام بولاتتى؟ سىزنىڭمۇ مېنى بىر كۆرۈپلا ياخشى كۆرۈپ قالغىنىڭىز ئېنىققۇ. مانا ئەمدى بولغاندا مەندىن يۈز ئۆرۈمەكچى بولىۋاتامسىز؟

- بۇ سىزدىن يۈز ئۆرۈش ھېساپلانمايدۇ. بىزنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بىر ئۆيدە تۇرىشىمىزمۇ خاتا ئىكەن. مەن بىلمەپتىمەن .

ئاباس ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسىۋالدى. ئۇنىڭ پۇشايمان قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگەن گۈلسەنەم ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ سورىدى-:

- ناۋادا مەن سىزگە تۇغۇپ بەرگەن بولسام، سىز چوقۇم مەندىن يۈز ئۆرۈمەيتتىڭىز شۇنداقمۇ. ئەمەلىيەتتە مەن ئەڭ ئاخىرقى بالامنى تۇغقاندىن كىيىن يەنە تۇغسام بولمايدىغانلىقىنى دوختۇر ئەسكەرتكەن. لىكىن مىنىڭ سىز بىلەن داۋاملىق ئۆي تۇتۇپ قالغۇم بار.

ئاباسـمۇ گۈلسەنەمگە بولغان كۆڭلىنى دەسـە داۋاملىق ئۆي تۇتۇپ قالغۇسـى بار ئىدى. لىكىن ئۇنىڭ ھىلىھەم سادىقنىڭ نىكاھىدا بارلىقىنى ئويلىسا قاتتىق ئاچچىقى كىلەتتى. ئاباس قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى يەنىمۇ ئويلىشىپ بېقىش ئۈچۈن گەپ قىلمايلا سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتكەن بىر كۈنى گۈلسـەنەم گىرىم ئۇسـتىلى ئالدىدا يېرىم سـائەت ئولتۇرۇپ پەرداز قىلغاندىن كىيىن ئۆز چىرايىدىن تولۇق مەمنۇن بولۇپ سىرتقا چىقتى .

دوختۇرخانا ئالدىغا يېقىندىن ئىچىلغان بۇ تاللا بازىرى خېرىدارىنىڭ كۆپلىكى، سـىلىنغان ماللىرىنىڭ سـەرخىللىقى بىلەن ئاۋات ئىدى. گۈلسـەنەم بىر دەسـسـەپ، ئىككى دەسـسـەپ دۇكان ئىچىگە كىردى. ئۇ خېرىدارلارنىڭ تولۇق چىقىپ كىتىپ دۇكاننىڭ خالىي قىلىشىنى بىردەم ساقلىغاندىن كىيىن خېرىدارلار چىقىپ كىتىپ دۇكان خالىي قالغاندا سادىق كەينىگە بۇرۇلۇپ گۈلسەنەمنى كۆرۈپلا ئۆگى ئۆچتى-:

- سەن بۇ يەرگە نېمە دەپ كەلدىڭ؟

- سىزنى سىغىنىپ كەلدىم. باللىرىمنى ئۆزىمىز باقايلى دادىسى. يات خوتۇننىڭ قولىدا باللار ئانا مېھرىگە قانمايدۇ. مەن ئۇلارنى بەك سېغىنىپ كەتتىم.

- ئەڭ ياخشىسى ئەمدى بۇ يەرگە قەدەم باسما. بۇگۈندىن باشلاپ سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەس. تالاق، تالاق، تالاق............

سـىرتتىن تاماق ئىلىپ كىرگەن سـائادەت سـادىقنىڭ گىپىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭغىچە سائادەتنى كۆرگەن گۈلسەنەم ئۇنىڭ ئالدىغا كىلىپ دىكىنىپ قاراپ تۇردى.

- نېمانداق يۈزى قېلىن ئايال سـىز. باللىرىمنى مەندىن تارتىۋالغاننى ئاز دەپ، ئەمدى ئېرىمنى ئازدۇرۇپ ئۇنىڭغا تىگىۋاپسىز .

قاراپ تۇرۇپ ئۆزىگە ھاقارەت قىلغان گۈلسەنەمگە ئاچچىقى كەلگەن سائادەتنىڭ قاراپ تۇرغۇسى كەلمىدى. قېرىغاندا ھەمراھ بولامدىكىن دىمىسە، نېمە قىلىدۇ بۇ ياشقا كىرگەندە ئەرگە تېگىپ.

- ئەڭ ياخشىسى ئۆز ئىززىتىڭىز بىلەن بۇ يەردىن چىقىپ كەتسىڭىز بولامدىكىن. نومۇسمۇ قىلمايدىكەنسىز. ئېرىڭىز سـىزنىڭ تالىقىڭىزنى بېرىپ بولدى. يەنە نىمگە قاراپ تۇرىسـىز بۇ يەردە. ئۆز ۋاقتىدا باللىرىڭىزنى تاشلىۋىتىپ ئەمدى بولغاندا قايسى يۈزىڭىز بىلەن كەلدىڭىز بۇ يەرگە. بەك ئېپلاسكەنسىز.

- ھەي كىمگىنى تىللاۋاتىسەن ؟؟؟؟

ئىككى ئايال ئەشكىتىلا چاچلىشىپ ئۇرۇشۇپ كەتتى. سائادەتنىڭ ئەسلى ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۆزىنى پەسلەشتۈرگۈسى يوق ئىدى. لېكىن گۈلسەنەم ئۇنى قەستەن رەسۋا قىلىش ئۈچۈن ياغلىقلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ پىيادىلەر يولىغا سۆرەپ چىقتى. تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالغان سادىق دەرھال چىقىپ ئاجرىتىۋەتكەن بولسىمۇ، گۈلسەنەم خۇددى غالجىرلاشقان ئىتقا ئوخشاش سائادەتكە ئېتىلىپلا تۇراتتى. ئېغىزىدىن ئەڭ سەت تىللارنى ياغدۇرۇپ سائادەتنى تىللاۋاتاتتى. ئۇنىڭغىچە يولدىن ئۆتۈۋاتقان كىشىلەر، كېسەل بېقىۋاتقان كىشىلەر، ئالدىراش ماڭغان بولسىمۇ نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ باققۇسى كەلگەنلەر بىر يۇمىلاق چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئۇلارنى دائىرىگە ئېلىۋالغانىدى. دەل مۇشۇ چاغدا دوختۇرخانا ئالدىغا كېسەل ئېلىپ كەلگەن ئابباس ماشىنىدىكى ئادەملەر چۈشۈپ بولغاندىكىن كېيىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن كىشىلەر ئارىسىدىن قىسىلىپ ئۆتۈپ ئەڭ ئالدىغا كەلدى. كۆز ئالدىدا ياغلىقى بوينىغا سېرىلىپ چۈشۈپ قالغىنىنى تۇيماي ئېغىزىدىن ھەرخىل سەت تىللارنى چىقىرىپ تىللاۋاتقان گۈلسەنەم تۇراتتى. نېرىراقتا بولسا بۇ ھاقارەتكە چىدىمىغان سائادەت يىغلامسىرىغان ھالدا كىيىملىرىنى تۈزەشتۈرىۋاتاتتى. سادىق گۈلسەنەمگە ھاي بېرىپ بولالماي قالغانىدى. بىردەمدىلا نېمە ئىش بولغانلىقىنى پەرەز قىلغان گۈلسەنەم ئېتىلىپ كىلىپلا گۈلسەنەمنىڭ ئېغىزىنى تۇتتۇلىپ سۆرەپ ئېلىپ ماشىنىغا چىقاردى،دە ـ ئۈچقاندەك يۈرۈپ كەتتى. سادىق كىشىلەرنى قايتىدىشقا دەۋەت قىلىپ سائادەتنى يۆلەشتۈرۈپ دۇكىنىغا كىرىپ كەتتى. سائادەت بولسا ئېيتىپ تۈگەتكۈسىز خورلۇق ئىلكىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالغانىدى.

## 15 ـ باب

ـ سەن......سەن مېنىڭ **سۆيگۈمگە قەرزدار**سەن! سەن مېنى ئالدىدىڭ!

ـ مېنىڭ قىلغانلىرىمنىڭ ھەممىسى سىز ئۈچۈن!

ـ سەن مېنى تۈگمەس ئازابقا دۇچار قىلدىڭ. مەن سېنى كەچۈرمەيمەن!

ـ ئۇنداق دىمەڭ ئابباس. مەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن!

ـ قوي ئۇنداق گېپىڭنى، بۈگۈن قىلغانلىرىڭمۇ مەن ئۈچۈنمۇ! سەن مېنى ياشغىلى قويامسەن ياقمۇ؟

ـ سىز ئۈچۈن شۇنچە كۆپ بەدەل تۆلىدىم. بالىلىرىمدىن كەچتىم. سىز بۇنداق قىلسىڭىز ئادىللىق بولمايدۇ ئابباس.

ـ سەن يەنە ئادىللىقىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن؟ نۇمۇس قىلساڭچۇ! ساڭا ئىشەنگىنىم ئۈچۈن مېنى مۇشۇنداق كۈنگە قويامسەن؟

ـ مەن ئۇ يەرگە سادىقتىن تالىقىمنى ئالغىلى بارغان، ئەمما ئۆيلىمىغان يەردىن سائادەت دىگەن قېرى جىن چاچلىرىمنى يۇلۇپ ئۇرۇپ كەتتى.........

ـ ھەي، سەندە ۋىجدان دىگەن نەرسە بارمۇ ھە بارمۇ؟ نېمىشقا يەنە قاراپ تۇرۇپ ماڭا يالغان گەپ قىلىسەن؟ سېنىڭ ئۇ ئايالنى ئۇرغىنىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسامكەن كاشكى!

ـ ياق.......ئۇ مېنى ئۇردى.....

ـ ئىش مۇشۇ دەرىجىگە يەتكەندىمۇ يەنە يالغان گەپ قىلامسەن؟ سەن راستىنلا ئادەم بولمايدىكەنسەن. ئىست ساڭا قىلغان ئەقىدەم، ئىست خارلانغان **سۆيگۈم**......

ـ ئۇنداق قىلماڭ ئابباس، ئۇرسىڭىز مېنى ئۇرۇڭ. ئۆيدىكى نەرسە كېرەكلەردە نېمە گۇناھ، ئابباس!!!

ـ ئىشىڭنى قىل، مېنى تۇتما! ئۇرۇپ ـ چاقسام ئۆزۈمنىڭ نەرسىلىرى. كارىڭ بولسىمۇن!

ـ ياق، ئۇنداق قىلماڭ سادىق ئۆتتۈنۈپ قالاي! بۇ لوڭقا ئۆيىمىزگە بەك يارىشىدۇ. بۇنى چېقىۋەتمەڭ!!!

ـ ئۆيىمىزگە؟! ئەمدى بۇ ئۆي سېنىڭ ئەمەس. يوقال.....

ـ ياق، مېنىڭ بارار جايىم يوق ئابباس. مېنى قوغلىماڭ. ئانام، ئاكاملارمۇ سەندەك قىزىم، سىڭلىم يوق دەپ تېنىپ كەتتى. سادىقمۇ سائادەت بىلەن ياخشى ئۆتىۋېتىپتۇ. مېنىڭ بۇ ئۆيدىن باشقا بارىدىغان يېرىم يوق. ئۇنداق قىلماڭ ئابباس. پەقەت بىر قېتىم، مۇشۇ بىر قېتىملا پۇرسەت بېرىڭ، بولامدۇ؟

ـ سەن........سەن مېنىڭ تۇنجى **سۆيگۈ**مگە **قەرزدار**سەن. سەن مېنى ئالدىدىڭ. سەن مېنى ۋەيران قىلدىڭ گۇلسەنەم. مەن سىنى مەڭگۇ كەچۈرمەيمەن، مەڭگۇ!

ـ پەقەت مۇشۇ بىر قېتىملا........

ـ يوقال، ئىككىنچى كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولما. بۈگۈندىن باشلاپ سەندەك خوتۇنۇم يوق. تالاق، تالاق، تالاق......

پۈتۈن بىر كېچە ئابباس ئولتۇرغان ئۆيدە غەزەپلىك ۋارقىرىغان، ۋىجدانى ئۆرتىنىپ ئاھ ئۇرغان، ھۆكىرەپ يىغلىغان ئاۋازلار ۋە نەرسە ـ كېرەكلەرنىڭ ئۇرۇلۇپ چېقىلغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ، تۆۋەنكى قەۋەتتىكى

كىشـــلەرنى ئۆزخلاتمدى. يىرىم كېچىدە پەســتكى خوشــنىلار چىقىپ ئۆلارغا ئازراق تەســەللىي بىرىپ قويۇپ چىقىپ كەتكەندىن كىيىن، نەرســە ـ كىرەكلەرنىڭ چىقىلغان ئاۋازى توختاپ قالغان بولســىمۇ، لىكىن ۋارقىراپ سىلكىشلەر، يىغلاپ سۇۋۇنۇشلار تاڭ ئاتقۇچە ئۆزۈلمەي ئاڭلىنىپ تۇردى .

بۈگۈنكى تاڭ قۇياشــنى قاتتىق روھســىزلىق، غەمكىنلىق، قايغۇ ـ ھەســرەت بىلەن كۈتىۋالغان ئابباس بىلەن گۈلسەنەم ئايرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. ئابباسنىڭ قاپقارا قوشۇما قاشلىرى تۈرۈلگەن، كىلىشكەن قەددى ـ قامىتى كېچىدىنكى ئازابنىڭ يالدامىسى تەسرىدىن بولسا كېرەك، سەل پۈكۈلۈپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. گۈلسەنەمنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىمۇ يىغىدىن قىزىرىپ ئىششىغان، غەم باسقان سۇلغۇن چىرايىدىكى مىسكىنلىك بىرلا قارىغان ئادەمنىڭ ئىچىنى ســــىرىلداۋۇرىۋەتەتتى. ئۆي ئىچىنى چېقىلغان قاچا ـ قۇچىلار، چاي چەينەكلىرى، قۇرۇق يەلىيمىش تىزىلدىغان قىممەت باھالىق فار ـ فۇر بويۇملار، گۈل لوڭقىســــى قاتارلىقلارنىڭ پارچىلىرى بىر ئالغانىدى. قالايمىقان سورۇلغان نەرسە ـ كىرەكلەر بۇ ئۆيدە بىر كېچە قاتتىق جەڭ بولغانلىقىدىن دىرەك بىرىپ تۇراتتى.

ـ شۇنداق قىلىپ مىنى نىكاھىڭىزدىن چىقىرىۋەتتىڭىزما؟ سىز نىمانداق باغرى تاش! ھىچ بولمىغاندا ئاز كەم ئىككى يىل سىزنىڭ خىزمىتىڭىزنى قىلدىم. مۇشۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، بىر قېتىم پۇرسەت بەرمەمسىز؟

كېچىدىن بىرى تولا يىغلاپ ئاۋازى پۈتۈپ قالايلا دەپ قالغان گۈلســــەنەم يەنە ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ كىيىم ـ كىچەكلىرىنى يىغىشــتۇرۇپ مىھمانخانا ئۆينىڭ ئوتتۇرىســغا ئىلىپ چىققان ئابباســنىڭ يۈرىكى ئازراق ئېچىشــــقان بولســــىمۇ، لىكىن ئۈچ قېتىم تالاق ئېيتىپ بولدى. ئەمدى يېنىۋىلىش يولى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈســتىگە گۈلســەنەم ئۇنىڭ پاك مۇھەببىتىنى، **سـۆيگۈ**باھارىنى نابۇت قىلغان تۇرسـا، ئابباســنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بەرگەن پۇر ستىنى قولدىن بىرىپ، ئە شەنچە سىدىن قالغان تۇر سا، ئۇنىڭغا يەنە بىر قېتىم پۇر سەت بىرىشكە بولمايدۇ،دە !

ـ ئەمدى ئۇنداق پۇرسەت ھەر ئىككىمىزگە يوق. ئەڭ ياخشىسى ھازىرلا ئۆيۈمدىن چىقىپ كەت. ئۆز ۋاقتىدا سېنىڭ تىگى ـ تەكتىڭنى ياخشىراق سۈرۈشتە قىلمايلا نىكاھلانغانلىقىم، مېنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقىم. لىكىن مەن بۇ خاتالىقىم ئۈچۈن ئۆرنىنى تولدۇرغىلى بولمايدىغان چوڭ بىر بەدەل تۆلىدىم. ســــەن مېنىڭ ئەڭ پاك مۇھەببىتىمنى دەپسەندە قىلدىڭ. سەن مېنىڭ پاك **سۆيگۈ**مگە **قەرزدار**سەن گۈلسەنەم! بولدى، ھېلىمۇ كېچىدىن بىرى دەيدىغاننى دەپ بولدۇم. ئەمدى كەتسەڭ بولىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلغىنىڭ ئۈچۈن.

ئابباس گۈلســــەنەمنىڭ چامدانىنىڭ ئۈســــتىگە ئاق لىپاپقا ئورالغان بىر باغلام پۇلنى قويۇپ خوش دىمەيلا ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

بىر يىلدىن بېرى تاماق ئەتكەن ئاشخانا، كىر يۇيغان تازىلىق ئۆيى، ئۇ ئۆز قولى بىلەن ئۆستۈرۈپ پەرۋىش قىلغان تەشتەك گۈللىرى ئەمدىلىكتە گۈلسەنەم ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان ئەتىۋارلىق نەرسىدەك بىلىنىپ كەتتى. لېكىن بولىدىغان ئىشلار بولدى. ئەمدى بۇ ئۆيدىن كېتىشتىن باشقا ئامال يوق.

ھايات نېمىدېگەن تېز ئۆتكەن ھە! ماھىرەنى تۇغۇپ ئىككى يىلدىن كېيىن سادىق بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىرگە بولۇشنى ئەھدە قىلغان كىچىككىنە قىز گۈلسەنەم مانا ئەمدى تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل قايىنام ـ تاشقىنلىرىدا، گاھ چۆكۈپ، گاھ لەيلەپ ئاخىرى سۇسىز قىرغاقتا چىقىپ جان تالىشىۋاتقان نىمجان بېلىقتەك، ئەس ـ ھۇشىنى يوقاتقان ھالدا چامدانىنى سۆرەپ ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىپ بارىدۇ. ھاياتنىڭ ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتى بويىچە ئادەم ھەرقانچە جاپا تارتسىمۇ، قايغۇ ـ ھەسرەتتە تولغىنىپ كەتسىمۇ، ئەجىلى كەلمىسىلا چىشىنى ـ چىشىغا چىشلەپ ياشىشى كېرەك. ھەممە ئىشنى ئويلانمايلا قىلىپ ئاخىرىدا پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالمايدىغان بۇ ئەسىرىمىزنىڭ باش پېرسوناژى گۈلسەنەم ھازىر قىلغان بارلىق ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلماقتا. ئۆتكۈزگەن بارلىق گۇناھلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنىشى ئۈچۈن توختىماي ياش تۆكمەكتە. يۈرىكى قوقاسقا كۆمگەندەك پۇچۇلانماقتا. لېكىن ئەمدى پۇشايمان قىلغاننىڭ، ئەمدى تۆۋە قىلغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئۆلگەن ئادەمگە ياسىن سۈيى تېمىتىپ قۇتقۇلدۇرىۋالالايتتىمۇ؟

ئانىسى تۇنىسەخان بازاردا ئۇچرا شقاندىن كېيىن گۈلسەنەم بىلەن خوشلا شمايلا كېتىپ قالدى. گۈلسەنەم كېيىن ئاڭلىدىكى، تۇنىسەخان ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، گۈلسەنەمنىڭ ئۆيگە بېرىش ئۈچۈن تەييارلىنىۋاتقان ئاكىسىنى توسىۋالغان ھەمدە شۇ يەردىلا ئانا ـ بالىلىقتىن تېنىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتقان .

سادىقمۇ ھازىر تۇرمىدىن چىقىپلا سائادەتتەك ياخشى بىر ئايال بىلەن توي قىلىپ بەختلىك ياشاۋاتىدۇ. بالىلارمۇ ئۆز ئۆيىدە تۇرغاندەك، ئۆز ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ئەللەيلىنىۋاتقاندەك ھوزۇرلىنىپ ياشاۋاتىدۇ. سادىق باللىرىغا ياخشى قاراۋاتقان سائادەتكە بارغانسىرى ئامراق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ .

ھەتتىگىنەي، ئەمدى بۇ ئىشلارغا نېمە دېگۈلۈك. ئەمدى قەيەرگە بارغۇلۇق. ئۆز قىزىنىڭ نۇمۇسسىزلىقىغا چىدىمىغان باغرى تاش ئانا ئۇنىڭدىن مۇناسىۋېتىنى ئۈزدى. 20 نەچچە يىل خىزمىتىنى قىلغان، باللىرىنى تۇغۇپ بېقىپ چوڭ قىلغان سادىقمۇ ھازىرقى يېڭى تۇرمۇشىنىڭ ھوزۇرىنى سۈرىۋاتىدۇ. ئەمدى قەيەرگە بېرىپ، قەيەردە تۇرۇش گۈلسەنەم ئۈچۈن ئەڭ چوڭ مەسىلە بولۇپ قالدى. گەرچە ئاببااس ئۇنىڭغا پۇل بەرگەن بولسىمۇ، ۋاقتى كەلگەندە پۇل ئادەمنىڭ ھەممە ھاجىتىدىن چىقالامتى! ئۇرۇق ـ تۇققان قېرىنداشلىق مېھرىنى بېرەلەمتى! ئەتتىگەن ـ ئاخشامدا ھالىڭغا ـ ھال، مۇڭۇڭغا ـ مۇڭ بولغۇدەك ھەمرا، سىردىشىڭ بولالامتى !

گۈلسەنەم ماشىنىنىڭ چىرقىراق ئاۋازىدا تورمۇز قىلىنىشى بىلەن ئېغىر خىياللار ئىلكىدىن قايتىپ چىقتى. تۆت كوچىنىڭ كېسىشكەن ئېغىزىدا ھەيكەلدەك قېتىپ قالغان گۈلسەنەم ئۆزىنىڭ خىيال بىلەن مېڭىپ چوڭ يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىلىپ قالغانلىقىنى تۇيمايلا قالغاندى. ئۇ ماشىنا شوپۇرىنىڭ ئېغىزىنىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى، قولىنى شىلتىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرگەن ھالدا كېتىپ قالغانلىقىنى غۇۋا ھىس قىلدى. چۈنكى ھازىر ئۇنىڭ خىياللىرى ئۇنى ھوشسىز ئادەمگە ئايلاندۇرۇپ قويغاندى.

گۈلسەنەم ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى، قىزى ماھىرەنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ ماڭدى. قىزى بىلەن كۆيئوغلى ئۇنى قارشــى ئالامدۇ؟ ئىللىق چىراي ئاچامدۇ؟ بۇ ئىشــلار ئۇنىڭغا ســىر ئىدى. لېكىن ئۇ قەلبىدە ئاجىز پىلىلداپ تۇرغان ئۈمىد ئۇچقۇنلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە ئېغىر قەدەملەر بىلەن كېتىۋاتاتتى. پۇشايمان ياشلىرىمۇ يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك، ئۇنىڭ ساماندەك سارغىيىپ كەتكەن غەمكىن يۈزلىرىدە توختىماي دومىلاۋاتاتتى..

تۈگىدى

2013 ـ يىلى ـ 8 ـ مارت قاغىلىق